# قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى

# ئوغۇزنامە



قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى

# ئوغۇزنامە

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ
مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى

ئوغۇزنامە

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1980 ـ يىل 11 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1980 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

قاتتىق ھەمەر مۇقاۋىلىنىشنىڭ باھاسى: 0.80 يۈەن

ئاددىي مۇقاۋىلىنىشنىڭ باھاسى: 0.28 يۈەن

# مۇندەرىجە


1. مۇقەددىمە . . . . . . . . . . . . . . . . . 1

2. ئورۇپ بېزىلىشى . . . . . . . . . . . . . . 25

3. تەرجىمىسى . . . . . . . . . . . . . . . . 40

4. ئىزاھلار . . . . . . . . . . . . . . . . . 62

5. سۆزلۈك . . . . . . . . . . . . . . . . . 87

# قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» ھەققىدە

## (مۇقەددىمە ئورنىدا)

### 1

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە.

مىلادى 744 ـ يىلى، قەدىمقى ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى (744 ــ 840 ـ يىللار)نى قۇردى. مىلادى 9 ـ ئەسىر ـ نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قەدىمقى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا، قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى بەربات بولدى.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى دەۋرىدە تۈرك خانلىقىدا قوللىنىلغان قەدىمقى تۈرك يېزىقىنى ئىشلىتىپ، بەزى يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان ئىدى. مەسىلەن، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» («گېلې خاقان مەڭگۈ تېشى» ياكى «ئۇيغۇر قۇتلۇق بىلگە كۆل خاقان مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «مويۇنچۇر ئىككىنچى مەڭگۈ تېشى» («تالىياتې مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «توققۇز

ئۇيغۇر خاقان مەڭگۈ تېشى» (تولۇق ئاتىلىشى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈ تېشى»، «سېۋىيلىي مەڭگۈ تېشى» ۋاھاكازالار.

مىلادى 840 - يىلى، قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى بەربات بولغاندىن كېيىن، قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۈچ قىسىمغا بولۇنۇپ غەربكە كۆچتى (يەنە بىر قىسمى چاڭچېڭ سېپىلى ئەتراپىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشتى). بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر قىسمى شىنجياڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، خوچو ئىدىقۇتلۇغىنى قۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەسىر دائىرىسىنى ھازىرقى قاراشەھەر، كۇچار ئەتراپىغا كېڭەيتتى. قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تارمىقى شۇ جايلاردىكى يەرلىك، بىر قەدەر يۇكسەك مەدىنيەتكە ئىگە ئاھالىلار (قەدىمقى كۇچارلىقلار، قەدىمقى قاراشەھەر — تۇرپانلىقلار ۋە خەنزۇلار)نىڭ تەسىرى ئارقىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن پەيدىن - پەي ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئۆزگەردى؛ شەھەر ۋە سودىنى تەرەققى قىلدۇردى ھەمدە مەدىنيەت جەھەتتە تېز تەرەققى قىلدى.

خوچو ئىدىقۇتلۇغى دەۋرىدە (تەخمىنەن 850 — 1250 - يىللار)، سوغدى يېزىقى ئاساسىدا يارىتىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى قوۋملۇقنىڭ شىمالىدىكى دەۋردە قوللىنىلغان قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ يېزىق ئارقىلىق نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى (ئاساسەن شىنجياڭدا ئەسلىدىن ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر تىلىدىن، جۈملىدىن خەنزۇچىدىن). بۇنىڭ بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققى قىلىپ، ئەينى زاماندا، شىنجياڭ ۋە ئورتا ئاسىيا رايونىدا كەڭ

تارقالغان تىلنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

10 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر رايونىغا تارقىلىپ كىردى، مىلادى 14، 15 - ئەسىردە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا ئومۇملاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بارا - بارا قوللىنىلىشتىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەرەب يېزىقى ئالدى.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى غەيرى ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ھەرخىل يازما يادىكارلىقلىرى (قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كەڭ كۆلەمدە ۋەيران قىلىندى. شۇڭا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىسى دىنىي مەزمۇندىكى (ئاساسەن بۇددا دىنىغا دائىر) نەرسىلەر.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلار (مەسىلەن، سانسكرىت تىلى ۋە يېزىقى، قەدىمقى خوتەن تىلى ۋە يېزىقى، قەدىمقى كۇچار - قاراشەھەر تىلى ۋە يېزىقى، سوغدى تىلى ۋە يېزىقى، مانى يېزىقى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى قاتارلىقلار) بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى. تېپىلغان بۇ يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىدە، بىزنىڭ قەدىمقى شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىل - يېزىقىغا بولغان تونۇشىمىز زور دەرىجىدە ئۆستى. بولۇپمۇ، تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر

تىل-يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئارقىلىق، بىز قەدىمقى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان خوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بىلىپ يەتتۇق.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، هازىر ساقلىنىۋاتقان مۇهىم يادىكارلىقلار تۆۋەندىكىلەر: (1) ئەدەبىي ئەسەرلەر: قەدىمقى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى قالدۇقلىرى، تارىخىي داستان «ئوغۇزنامە»، سەھنە ئەسىرى «مائىتىرى سىمىت»، «قۇتاتقۇ بىلىگ» (ۋىنا نۇسخىسى)، هېكايىلەر توپلىمى «پانچاتانترا» قالدۇقى، «ئېزوپ مەسەللىرى» قالدۇقى، «داشاكرما بۇدائاۋاتانامالا نوم بىتىگ» (بۇددا دىنىغا دائىر چوڭ تىپتىكى هېكايىلەر توپلىمى) قاتارلىقلار؛ (2) دىنىي يادىكارلىقلار: «ئالتۇن يارۇق»، «ئابىدارىم كوشاۋاردى شاسترى»، «سادداخارما پۇنداريكا سۇترا»، «سەككىز يوكمەك»، «ئاۋاتامساكا سۇترا»، «ۋاجىراسچېتىكا سۇترا»، «ئامىتابا سۇتۇر»، «ئارياراجاۋاۋاداكا سۇترا»، «ئالقۇ ئايىغ ياۋىز يوللارىغ ئارتۇقراق ئۆز ئارىتداغ... ئۆشنىسا ۋىچائى ئاتلىغ دارنى»، «ئالقۇ ئانچولايۇ كەلمىشلەرنىڭ ئۆشنىرلاكشەنلارىنتىن ئۈنمىش ئاتلىغ كوترىلمىش ستاتاپادرا ئاتلىغ ئۆتسۇقسىز دارنى»، «ماخاپايا ئۆتلىسىن يانتۇرمىش سۇتۇر»، «پراجناپارامىتا»، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (يۇقۇرىدىكىلەر بۇددا دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار)، «ئىككى يىلتىز نوم»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى» (بۇلار مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار)، «ئېۋانگېلىئوم»، «سەنت گېئورگىنىڭ شېهىت بولۇش خاتىرىسى»

(بۇلار جەڭچياۋ دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار) قاتارلىقلار①؛ (3) تىبابەتچىلىككە دائىرلىرى؛ «سىددخاسارا» قاتارلىقلار؛ (4) ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ۋە يىلنامىغا، ئاسترانومىيىگە دائىر نۇرغۇن ھۆججەتلەر، ئىككى خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى ۋاھاكازالار.

ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن مول مەزمۇندىكى ئەل ئەدەبىياتىمۇ ساقلىنىپ قالغان، مەسىلەن، خەلق قوشاقلىرى، قەھرىمانلار ھەققىدىكى تارىخىي داستانلار ۋە ماقال-تەمسىل قاتارلىقلار. بۇ نۇقتىنى 11-ئەسىردىكى ئاتاغلىق ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتچىسى ماخمۇت قەشقىرى تۈزگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ۋە يېقىنقى زاماندا تېپىلغان «تۇرپان قوشاقلىرى توپلىمى» دىمۇ ئەكس ئېتىلىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى نۇرغۇنلىغان شېئىرلار (ئون مىسرالىق بېيىتلار) ئەمەلىيەتتە داستانلاردىن ئېلىنغان پارچىلار ئىكەن، مەسىلەن، ئالىپ توڭا ھەققىدىكى بېيىت ۋە ئۇرۇشقا ئائىلىنىش مەزمۇنىدىكى شېئىر پارچىلىرى قاتارلىقلار.

## 2

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان، قەھرىمانلارغا ئوقۇلغان نەسرى شەكلىدىكى تارىخىي داستان. ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازما نۇسخىسىدىن بىرسىلا بولۇپ، ئۇ

① يەنە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىسلام دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار، مەسىلەن، «تەزكىرەيى ئەۋلىيا»، «ناخجۇل فارادىس»، «سىرەج-ئال كولۇپ»، «باختىيارنامە» قاتارلىقلارمۇ بار.

ھازىر فىرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى «پۇقىرالار كىتاپخانىسى» (Bibliohèque Nationale)دا ساقلانماقتا. نومۇرى Supul tus,1001، (يەنى Xefir–ch. Schefer دا يىغىپ ساقلانغان نۇسخا). قولىيازما قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئىرماش شەكلى بىلەن يېزىلغان، ئۇنىڭ باش ۋە ئاخىرى كەم، چوڭ ـ كىچىكلىكى 13×19 مىللىمېتىر، ھەجمى 21 ياپراق 42 بەت، ھەر بىر بېتى 9 قۇر خەتتىن تەشكىل تاپقان. 1 ـ بەتنىڭ 2 ـ قۇرىدىكى "ئۇشبۇ تۇرۇر" دىگەن سوزلەرنىڭ كەينىگە بۇقىنىڭ رەسمى سىزىلغان، 5 ـ بەتنىڭ 9 ـ قۇرىدىكى "ئۇشبۇ تۇرۇر" دىگەن سوزلەرنىڭ كەينىگە قۇرغۇينىڭ رەسمى سىزىلغان، 6 ـ بەتنىڭ 4 ـ قۇرىدىكى "ئۇشبۇ تۇرۇر" دىگەن سوزلەرنىڭ كەينىگە قىئات (تاق مۈڭگۈزلۈك ھايۋان)نىڭ رەسمى سىزىلغان.

قولىيازما ئىملا جەھەتتە توۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) يۈەن سۇلالىسى (13 ــ 14 ـ ئەسىر)دىكى باشقا قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىغا ئوخشاشلا "د" بىلەن "ت"، "س" بىلەن "ز"، "ق" بىلەن "غ" كوپىنچە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەن.

(2) "س" بىلەن "ش" پەرقلەندۇرۇلگەن ("س" ھەرپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى چېكىت قويۇش ئارقىلىق "ش" ئىپادىلەنگەن).

(3) قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى باشقا يازما يادىكارلىقلارغا ئوخشاش، 1 ـ بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش "ئو (ө)" ياكى "ئۈ (ü)" ئومۇمەن "ئو (o)" ياكى "ئۇ (u)" قىلىپ يېزىلغان، يەنى ئالدىغا بىر قىيسىق سىزىق قويۇلمىغان.

(4) "ي" بىلەن باشلانغان نۇرغۇن سوزدە، "ي"نىڭ ئورنىدا كوپىنچە "چ" ("ج" ئوقۇلۇشى كىرەك)نى ئىشلەتكەن. بۇ ئالاھىدىلىك، بۇ قولىيازمىنى كوچۈرگۈچى "ج" دىئالېكتىدا (ھازىرقى زامان قازاق

تىلىغا ئوخشاش) سوزلىشىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

قولىيازمىنىڭ تىلى كېيىنكى مەزگىلدىكى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا كىرىدۇ.

قولىيازمىنىڭ باش قىسمى كەم بولغاچقا كىتاپنىڭ ئەسلى تېمىسى ئېنىق ئەمەس. بىز ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇنى ۋاقتىنچە «ئوغۇز-نامە»دەپ ئاتاپ تۇردۇق.

«ئوغۇزنامە»نىڭ ئاساسي ۋەقەلىكى توۋەندىكىچە:

باتۇر ئوغۇز تۇغۇلۇشى بىلەنلا، ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىماي-دۇ، قىرىق كۈندىن كېيىن، ئۇ چوڭ ئادەم بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى غەلىتە بولۇپ، كوك يۈزلۈك، قىزىل ئېغىزلىق، قىزىل كوزلۈك، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان. ئۇنىڭ پۇتى بۇقىنىڭكىدەك، بېلى بورىنىڭكىدەك، مورىسى يىلۋىزنىڭكىدەك، كوكسى ئېيىقنىڭكىدەك. باتۇر ئوغۇز ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يالماپ، ئەلگە ئاپەت كەلتۈرگۈچى قىئات (تاق مۈڭگۈزلۈك يىرتقۇچ ھايۋان)نى ئولتۈرىدۇ. بىر كۈنى ئوغۇز بىر يەردە، تەڭرىگە ئاۋاپ قىلىۋاتقىنىدا، ئاسماندىن بىر شو-لا چۈشىدۇ، ئۇ شولا ئايدىنمۇ يورۇق، كۈندىنمۇ نۇرلۇق. شولا ئىچىدە بىر قىز بولۇپ، تەنها ئولتۇرغان. بۇ قىز شۇنداق گۈزەلكى، ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا، تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز بۇ قىزغا كويۈپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ، تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانجىسىغا ئاي، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئىسىم قويىدۇ.

بىر كۈنى ئوغۇز بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىدىكى بىر قىزنى كورۈپ قالىدۇ، بۇ قىزمۇ ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، "كوزى ئاسماندىنمۇ كوك، چېچى ئېقىپ تۇرغان سۇدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى". ئوغۇز

بۇ قىزغىنمۇ ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىمۇ ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ. بۇ ئايالدىنمۇ ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ، ئۇلارغا ئايرىم ھالدا كوك، تاغ، تەڭىز (دېڭىز) دەپ ئات قويىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، باتۇر ئوغۇز دولەتنىڭ خاقانى بولىدۇ. ئۇ ئۆز قول ئاستىدىكى بەگلەرگە ۋە پۇقرالارغا شۇنداق جاكالايدۇكى، "مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان؛ تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان①، كوك بورى بولسۇن ھەم ئۇران②؛ تومۇر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، ئوۋلىقتا يۈرۈشسۇن مال-ۋاران؛ ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن، قوياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان!"

شۇندىن كېيىن، ئوغۇزخان بوي سوندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شەرق (ئوڭ تەرەپ)تە ئالتۇنخان بوي سونىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، غەرب (سول تەرەپ)تە رىم پادىشاسى قارشىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقان لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇلار مۇز تاغ ئېتىكىدە ئاۋۋال تىكىپ ئولتۇرغىنىدا، چوڭ بىر كوك بورە شولا ئارىسىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ كوك بورە ئۆزلىگىدىن ئوغۇز قوشۇنىغا يول باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېتىل (ۋولگا) دەرياسى بويىدا ئىككى تەرەپ قوشۇنى جىددى جەڭ قىلىدۇ. ئوغۇز خاقان يېڭىدۇ، رىم پادىشاسى مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

ئوغۇز خاقان يەنە جۇرجىتنى بوي سۇندۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن، سىندۇ (ھىندىستان)نى، تاڭغۇتنى، سۇرىيىنى، بارقاننى بوي سۇندۇرىدۇ.

تارىخي داستاننىڭ ئاخىرىدا، ئوغۇز خاقاننىڭ ئۆز تېرىتورىيە-

---

① بۇيان — بەخت، قۇت.

② ئۇران — جەڭگىۋار شوئار.

سنى ئوغۇللىرىغا بولۇپ بەرگەنلىگى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ئۈچ ئوغلىغا شەرقنى، ئۈچ ئوغلىغا غەرپنى بېرىدۇ ھەمدە ئالدىنقى ئۈچ ئوغلى شەرقتىن تېپىۋالغان ئالتۇن يانى ئۈچكە بولۇپ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، كېيىنكى ئۈچ ئوغلى غەرپتىن تېپىۋالغان ئۈچ كۈمۈش ئوقنى ئۇلارغا بېرىدىن بولۇپ بېرىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلىپ: "يا ئوقنى توغرىلايدۇ"، "ئوق ياغا بوي سۇنۇشى كېرەك" دەيدۇ.

ئوغۇز ھكايىسى 14 ـ ئەسىردىكى پېرسىيىلىك تارىخشۇناس راشىدنىڭ «جامىئۇ ـ تاۋارىخ (ئومۇمى تارىخ)»ى ۋە 17 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيىلىك تارىخشۇناس ئابۇل خازىنىڭ «تۈرك شەجەرىسى» قاتارلىق كىتاپلىرىدىمۇ كورۈلىدۇ. بىراق، ھكايىنىڭ ۋەقەلىگى بىر-قەدەر ئاددى ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. بۇ كىتاپلاردا، ئوغۇز تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىنغان. ئۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن، يات دىندىكى دادىسى ـ قارا خاقانغا قارشى تۇرغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. كېيىنكى ۋەقە بىرگە شىنجياڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئوتكەن مەشھۇر قاراخانلار سۇلالىسى (10 ــ 12 ـ ئەسىر)نىڭ نامى "قاراخان"نى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە، ئەسلى ھكايىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە يات بولغان بارلىق نەرسىلەر يوقىتىلغان. بۇ ھكايىنىڭ «جامىئۇ ـ تاۋارىخ» ۋە «تۈرك شەجەرىسى» دىگەن ئىككى كىتاپتا بېسىلغان ۋارىيانتلىرى ئىچىدە، كېيىنكى ۋارىيانتى گەرچە ئابۇل خازىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشىدەك جەرياندىن ئوتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى نۇسخىسىغا بىرقەدەر يېقىن. تەپسىلى سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىز ئەسەرنىڭ ئابۇل خازىنىڭ قولىدا

ساقلانغان نۇسخىسى بىلەن پارىژدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ئېخىمۇ قەدىمرەك نۇسخىنى مەنبە قىلغان دەپ ھېساپلايمىز.

ئۇندىن باشقا، يەنە كېيىنكى مەزگىلدىكى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە»مۇ ساقلانماقتا.

يېقىندا، تۈركىيە ئالىمى ئورخۇن تۈركىيىدىن بۇ ھېكايىگە دائىر يەنە بىر نەزمە قالدۇقىنى تاپقان. بۇ نۇسخىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە ئورنى ئېنىق ئەمەس.

«ئوغۇز داستانى»نى مەزمۇن جەھەتتە. ئىككى قىسىمغا بولۇشقە بولىدۇ. بىرىنچى قىسمى — تارىخىي داستاننىڭ باش قىسمى (ئوغۇز-نىڭ خاقان بولۇشىغا قەدەر) ۋە ئاخىرقى قىسمى (ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈش كورۈشىدىن كېيىنكى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئىككىنچى قىسىمدا ئاساسلىق ھالدا ئوغۇز خاقاننىڭ ئۇرۇشقا چىقىش پائالىيەت-لىرى بايان قىلىنىدۇ.

تارىخىي داستاننىڭ بىرىنچى قىسمىدا قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ۋە بەزى قەدىمقى ئۆرپ-ئادەتلەر ئەكس ئېتىلگەن.

باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا ھەرخىل ئەپسانىلەر ۋە رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇنىڭغا دائىر نەرسىلەر ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، «جۇ سالنامىسى»، 50-جىلد، «تۈرك تەزكىرىسى»دە تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەن-بەسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئەپسانىۋى خاتىرىلەر بار: "تۈركلەر

ھونلارنىڭ بىر خىلىدۇر. ئۇلار ئاشىنا ئۇرۇغىدىن، باشقا قەبىلىلىرىمۇ بار. كېيىن، ئۇلار خوشنا دۆلەتلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىپ ئۇرۇغى قۇرۇتۇلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 10 ياشلىق بىر ئوغۇل بولۇپ، ئەسكەرلەر ئۇنى كىچىك كۆرۈپ، ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۆڭلى بارمىغان، ئاخىر ئۇنىڭ بىر پۇتىنى كېسىۋېتىپ، سازلىقتا تاشلىۋەتكەن؛ بۇ ئوغۇلنى بىر چىشى بۆرە گۆش بېرىپ باققان. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۆرە بىلەن بىللە يېتىپ-قوپۇپ يۈرگەن، نەتىجىدە، بۆرىنىڭ قوسىقىدا قالغان. ھېلىقى خوشنا دۆلەتنىڭ خانى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتكەن، ئۇ ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ يېنىدا بۆرە تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۆرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، بۆرە خوچو ئىدىقۇتلۇغىنىڭ شىمالىدىكى تاققا قېچىپ كەتكەن. تاغدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈر ئىچىدىكى تۈزلەڭلىك قېلىن ۋە بولۇق ئوت-چۆپ بىلەن تولغان ئىكەن، ئۆڭكۈرنىڭ ئايلانمىسى بىر قانچە يول ئىكەن، تۆت ئەتراپى تاغ ئىكەن، بۆرە ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. كېيىن ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئون ئوغۇل چوڭ بولۇپ باشقا قەبىلىلەردىن قىز ئاپتۇ، شۇندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر ئۇرۇق بوپتۇ، ئاشىنا شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن......" يەنە مۇنداقمۇ دېيىلىدۇ: "تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سۇ دۆلىتىدىن بولۇپ، ھونلارنىڭ شىمالىدا ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ئاپاڭبۇ بولۇپ، ئۇلار ئاكا-ئۇكا ئون يەتتەيلەن ئىكەن. يىجۇ-نىشىدۇ ئۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۆرىدىن تۆرەلگەن ئىكەن...... نىشىدۇ سېھىرلىك ئادەم ئىكەن، ئۇ شامال چىقىرالايدىكەن، يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن. ئۇ ئىككى خوتۇن ئاپتۇ، بىرى ياز پەرىسى، بىرى قىش پەرىسى ئىكەن. خوتۇنىنىڭ

بىرى توت ئوغۇل تۇغۇپتۇ، باللىرىنىڭ بىرى ئاق هاڭغۇتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، بىرى ئوپ دەرياسى بىلەن كەم دەرياسى ئوتتۇرىسىدا دولەت قۇرۇپ ئۆزىنى قىرغىز دەپ ئاتاپتۇ...يەنى بىرى جىيەنىسى ـ چۇجېشى تېغىغا ئورۇنلىشىپتۇ، بۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئىكەن. بۇ تاغدا ئاپاڭبۇنىڭ ئۇرۇقلىرى بار ئىكەن......ئۇلار بىرلىكتە چوڭ ئوغۇلنى خان ئورنىدا هورمەتلەپ، ئۇنى تۈرك دەپ ئاتاپتۇ."

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «خوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ توهپە مەڭگۇ تېشى» (بۇ مەڭگۇ تاشنىڭ ئارقا تەرىپى قەدىمقى ئۇيغۇر تىل- يېزىقى بىلەن يېزىلغان)دا، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق تۆۋەندىكى ئەپسانە خاتىرىلەنگەن: "......خوچو ئىدىقۇتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دىگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ بىرى تۇغۇسى دەرياسى، يەنە بىرى شولىڭگې دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە، ئاسماندىن دەرەخقە شولا چۈشۈپتۇ، ئىككى دەريا ئارىلىغىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قوساق كۆتەرگەنگە ئوخشاش قوساق سېلىپ قاپتۇ. بۇ شولا دەرەخقە ئۇدا 9 ئاي 10 كۈن چۈشكەندىن كېيىن، هىلىقى دەرەخنىڭ قوسىغى يېرىلىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىگى ئەردەن ـ بۇگۇ خاقان ئىكەن. ئۇ قەددى-قامەتلىك ئىكەن، ئۇ خەلقنى ئاينىتىپتۇ ۋە يۇرتىنى گۈللەندۈرۈپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقساقال بوپتۇ." (خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلىنىڭ 64 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان «خوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ توهپە مەڭگۇ تېشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش» دىگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى).

ئۇندىن باشقا، مۇسۇلمان تارىخچىلىرى (جۇۋەينى قاتارلىقلار)نىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ يۇقۇرىدىكىلەرگە ئوخشاش ھىكايىلەر خاتىرىلەنگەن.

ئوغۇزنىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ ئىسمىنىڭ كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە كوك، تاغ، تەڭىز (دېڭىز) دەپ قويۇلۇشى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى كوزقارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇ قىسمىدىكى باشقا بەزى ۋەقەلىكلەردە قەدىمقى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى سامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى ئەكس ئېتىلگەن. مەسىلەن، تارىخىي داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئىككى ياغاچنى تىكلەپ، بىرىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، بىرىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ ئاسقانلىقى، بىرىنىڭ تۈۋىگە قارا قوي، بىرىنىڭ تۈۋىگە ئاق قوي باغلىغانلىقى سوزلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار سىبىرىيەدىكى ياقۇتلار ئارىسىدا كورۇلىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ياقۇتلار ئارىسىدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان تۈركشۇناس ئې. پېكارسكىي ياقۇتلار دائىم بوشلۇقتا ئىككى ياغاچ تىكلەپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئاغامچا تارتىپ، ئاندىن كېيىن جىن - شەيتانلارغا سوغا قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا باغلاپ قويىدۇ، دەيدۇ (ئې. پېكارسكىي تۈزگەن «ياقۇتچە لۇغەت»نىڭ 3 - توم، 240 - بېتىگە قاراڭ). بىزگە مەلۇمكى، تۈركلەر ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا تارقالغان سامان دىنىدا ياغاچقا بەك چوقۇنىلىدۇ. ئاق قوي ۋە قارا قوي، شۈبھىسىزكى، سامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېقىنغىچە ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچىدا ياشاپ كەلگەن بەزى مىللەتلەر (مەسىلەن، سىبىرىيەدىكى چۇكچىلار) ئارىسىدا ئاق سامان ۋە قارا سامان پەرقى بار.

تارىخىي داستاندا كوك بورىنىڭ يول باشلىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، بىرچە ئۇ تۈركلەرنىڭ ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقاتى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك. «جۇ سالنامىسى»نىڭ «تۈرك تەزكىرىسى»دىن ئېلىنغان بايىقى ئۇستاتىدا بۇ مەسىلە ئەكس ئېتىلگەن. يۇقۇرىقى تەزكىرىدە يەنە "تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇ ئەسلىنى ئۇنۇتماسلىقنىڭ نىشانىسى؛ ئۇلاردا نوكەرلەر فۇلى — 附离 (بۆرە سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا خەنزۇلار ئۇلارنى لاڭ — 狼 (بۆرە) دەپ ئاتايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۆرىدىن تۆرەلگەن." دېگەن خاتىرە بار.

تارىخىي داستانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسلىق ھالدا ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ۋەقەلىكلەردە مەلۇم دەرىجىدە تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئەكس ئېتىلگەن. لېكىن، شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، تارىخىي داستان يىل تەرتىۋى بويىچە يېزىلغان تارىخنامە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەر. شۇڭا بىز ئىلگىرى« ئوغۇز داستانى»نى تەتقىق قىلغان بەزى ئالىملارنىڭ تارىخىي داستانىنىڭ باش قەھرىمانى ئوغۇز خاقاننى مەلۇم تارىخىي شەخسلەر، مەسىلەن، ھونلاردىكى ماۋدۇن-شاڭيو (باتۇر تەڭرىقۇت مەنىسىدە)، موڭغۇللاردىكى چىڭگىزخان قاتارلىقلار بىلەن باغلىشىنى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق دەپ قارايمىز. باشقا شەكىللەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش تارىخىي داستاندىمۇ كونكرېت تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخس ئىپادىلەنمىگەن. ئۇ خەلق ئارىسىدا ئۇزاق مۇددەتكىچە تارقىلىپ يۇرۇش جەريانىدا، نۇرغۇن ئەۋلات نامىسىز مۇئەللىپلەرنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى ۋە تاۋلىشى نەتىجىسىدە پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. بۇ، ئەلۋەتتە تارىخىي داستاندا بەزى ۋاستىلىق ئىپادىلەنگەن تارىخىي ۋەقەنىڭ شولىسىنى كورۈۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنىڭ

مۇمكىنلىگىنى چەتكە قاقمايدۇ.

تارىخىي داستانىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا ئۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرى (جۈملىدىن باشقا بەزى قەبىلىلەر)نىڭ نامىنىڭ چۈشەندۈرۈلىشىدۇر. ئوغۇز خاقان ئۇرۇش جەريانىدا، ئۆزىگە قاراشلىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق جايلاردا ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ نامى شۇ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ مەلۇم ھەركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، قىپچاق قەبىلىسىنىڭ نامى "ئىچى كۆك ياغاچ" دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، ئۇ سال ياساپ، ئوغۇزنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە ياردەم قىلغان ئادەمنىڭ ئىسمى. قاڭلى قەبىلىسىنىڭ نامى "ئىگىز ھارۋا" دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، ئۇ ئىگىز ھارۋىنى ئىجات قىلىپ، ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى توشۇغان ئادەم. ساقلاپۇ (بۇ سوزنىڭ ئەسلى "سلاف" بولۇپ، ساقلاپۇ "سلاف" سوزنىڭ ئەرەپچىدىكى كوپلۈك شەكلى) ساقلىغۇچى (ئوغۇزنىڭ رۇس بەككە قويغان ئىسمى) دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، ۋاھاكازا.

قىسقىسى، تارىخىي داستانىڭ بۇ قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن دولەت ۋە قەبىلە نامى، مەلۇم دەرىجىدە، ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرگە بولغان چۈشىنىشى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تۆۋەندە بىز تارىخىي داستانىڭ شەكلى ۋە تىلغا قارىتا دەسلەپكى تەھلىلىمىزنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

«ئوغۇز داستانى» گەرچە نەسرى شەكلىدە بولسىمۇ، لېكىن بەزى جايلىرىغا نەزمە قىسملارمۇ ئارىلاشقان. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئابزاس سەككىز بوغۇملۇق شېئىر شەكلىدە كەلگەن ھەمدە ئاخىرقى بوغۇمى

قاپىيلىشىدۇ:

mən sənlərgə boldum kaqan,
alalïng ya takï kalkan;
tamqa bizgə bolsun buyan,
kək bəri bolsunqïl buyan.
təmür yïdalar bol orman,
aw yərdə yürüsün kulan;
takï taluy takï mürən,
kün tuq bolqïl kək kurïkan

(قۇ – 102 — 96)

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران.
تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان،
ئوۋلۇقتا يۈرۈشسۇن مال – ۋاران.
ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن،
قۇياش توغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.

يەنە ئالايلى: ۋەزىر ئۇلۇغ تۈركىنىڭ تووەندىكى بىر ئابزاس سوزى 13 بوغۇملۇق شېئىر جۈملىسىگە كىرىدۇ:

ay kaqanum səngə yaxaqu bolsunqïl uzun,
ay kaqanum səngə türülük bolsunqïl tüzün;

bənga kək təngri bərdi qüxümdə kəltürsün,
taluy turur yərni uruoqunga bərdürsün

(323 — 327 ـ قۇر)

ئەي خاقانىم، ساڭا ئۇزۇن ئۇمۇر يار بولسۇن،
ئەي خاقانىم، سىنىڭ ئەل ـ تىزامىڭغا ئادالەتلىك يار بولسۇن.
كوك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت،
ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى ئۇرۇغىمغا بولۇپ بەرسۇن دەپ.

ئۇندىن باشقا، تارىخىي داستاندا بىرمۇنچە جۈملىلەر باركى، ئۇلار قارىماققا نەسرىدەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى سەللا دىققەت بىلەن تەھلىل قىلساق، دەرھال ئۇلار ئارىسىدا ئىنتايىن كۈچلۈك رېتىم پۇرىقى بارلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن:

oxul oqulnïng ənglüki qïraqï kək ərdi,
aqïzï atax kïzïl ərdi,
kəzləri al,
saqlarï kaxlarï kara ərdilər ərdi

(5 — 7 ـ قۇر)

بۇ ئوغۇلنىڭ يۈزى كوك ئىدى،
ئاغزى چوغدەك قىزىل،
كوزلىرى ھال،
چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى.

ئەمىلىيەتتە بۇ بىر ئابزاس سوزنىڭ رېتىملىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى قاپىيىداش

شېئىر ئىنكەنلىگىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يەنە ئالايلى، تۈۋەندىكى جۈملىنىڭ ھالىتىدىن كېيىن، ئۈچ ئاددى پېئىل قاتار ئىشلىتىلىپ ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن:

kïrïķ kündün song
bədükledi
yürudi
oynadi

(11 — 12 - قۇر)

قىرىق كۈندىن كېيىن،
چوڭ بولدى،
ماڭدى،
ئوينىدى.

بۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن يەنە تۈۋەندىكىلەر بار:

künlərdin song.
kəqələrdin song.
yigit boldi

(17 — 18 - قۇر)

كۈنلەر ئۆتۈپ،
تۈنلەر ئۆتۈپ
يىگىت بولدى.

bu qaqda.
bu yərdə.

bir qong orman bar ərdi.

(18 ـ قۇر)

بۇچاغدا،

بۇ يەردە،

بىر چوڭ ئورمان بار ئىدى.

ya birlə,

ok birlə,

xungkarnï oltürdi.

(42 ـ قۇر)

يا بىلەن،

ئوق بىلەن،

شۇڭقارنى ئۆلتۈردى.

ئۇندىن باشقا جەڭگە قارىتىلغان نۇرغۇن جۈملىنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ داستاننىڭ رېتىملىقىنى كۈچەيتكەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقۇرىدىكى تەھلىلگە ئاساسەن، بىز «ئوغۇز داستانى»نى مەلۇم ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايمىز.

«ئوغۇز داستانى» تىل جەھەتتە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) يۇقۇرىدا «ئوغۇز داستانى» كېيىنكى مەزگىلدىكى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان دەپ ئېيتقان ئىدۇق. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكىلەر ئىسپاتلايدۇ: ئۇنىڭدا ھەم قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ

بەزى قالدۇقلىرى ساقلانغان، مەسىلەن، "aduq ـ ئېيىق"، "adak ـ ئاياق"، "bədük ـ بۈيۈك" قاتارلىقلار، ھەم يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئامىللىرىمۇ بار، مەسىلەن، "ayqïr ـ ئايغىر"، "koy- ـ قويماق"، "atnï ـ ئاتنى" (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "adqïr" "kod-"، "atïq" قا سېلىشتۇرۇڭ) قاتارلىقلار.

2) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بىرمۇنچە سۆزلەر بار، مەسىلەن، "jïda ـ نەيزە (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا 'süngü')"، "mürən ـ دەريا، ئېقىن (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا 'ögüz')"، "tüximəl ـ ۋەزىر (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا، 'il ügüsi')"، "qak ـ ۋاقىت (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا 'ød')" ۋە "nükər ـ نوكەر"، "uran ـ جەڭگىۋار شوئار"، "xirə ـ جوزا" قاتارلىقلار.

3) ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئوغۇز داستانى»دىكى تىل «خوچو سۆزلۈكى»① دىكى تىلغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ.

4) بەزى سۆزلەردە، سۆز بېشىدىكى 'ي' نىڭ ئورنىغا 'ج' (يېزىقتا 'ج' ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەن) ئىشلىتىلگەن، مەسىلەن، "jol ـ يول"، "jalbar- ـ يالۋۇرماق" (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى 'yol' 'yalbar' غا سېلىشتۇرۇڭ). بۇ ئالاھىدىلىك قولىيازمىنى كوچۇرگۈچىنىڭ تۈركىي تىلىنىڭ قىپچاق تىل گۇرۇپپىسىدىكى تىلدا (مەسىلەن، ھازىرقى زامان قازاق تىلى، قىرغىز تىلى قاتارلىقلار) سۆزلىشىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

---

① «خوچو سۆزلۈكى» ـ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە تۈرگە ئايرىلغان سېلىشتۇرما سۆزلۈك. خەنزۇچە 《高昌杂字》 دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقۇرىدىكى تۇت نۇقتىغا ئاساسەن، بىز فرانسىيىلىك پېللىئوت ئەپەندىنىڭ ئەسلىدىكى قولىيازما يۈەن سۇلالىسى (13 — 14 - ئەسىر) دەۋرىدە شىنجياڭنىڭ تۇرپان رايونىدا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان، ھازىر پارىژدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى بولسا 15 - ئەسىر ئەتراپىدا ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە سۇ رايونى ئەتراپىدا كۆچۈرۈلگەن① دىگەن پىكرىگە قوشۇلىمىز.

يۇقۇرىدا بىز «ئوغۇز داستانى»نىڭ مەزمۇنى، شەكىل قۇرۇلمىسى، تىلىغا قارىتا دەسلەپكى يوسۇندا تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئۆتتۇق. «ئوغۇز داستانى» قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىنىي مەزمۇندا بولمىغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى، ئۇ بىزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە تىل تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

«ئوغۇز داستانى» ئۆزىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى قەدىمىيلىگى، تىل جەھەتتىكى ئاددىيلىغى بىلەن ئاللا بۇرۇنلا مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىغان ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدىلا گوللاندىيە ئالىمى خۇس تارىخىي داستاننىڭ بىر قىسمىنىڭ تەرجىمىسىنى «يېڭىدىن تېپىلغان ئوغۇزنامە»② دىگەن نامدا ئېلان قىلغان ئىدى، كېيىن يەنە ئارقا - ئارقىدىن رادلوف③،

① پېللىئوتنىڭ 1930 - يىلى «تۇڭباۋ»دا ئېلان قىلغان ماقالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىگە قاراڭ.

② *Dietz: Der neuendeckte oughuzische cyklop· Halle und Berlin, 1815·*

③ ۋ. ۋ. رادلوف: *Kutatku Bilik, faksimile uygurskoy*

رىزانوۋر①، پېللىئوت②، بانگ ۋە راخمات③ قاتارلىقلار ئۇنى تەك-
شۈرۈپ ئىزاھلىدى ۋە تەرجىمە قىلدى. 1959-يىلى، سوۋېت ئالىمى
شېرباخ④ ئۇنىڭ يېڭى تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى.

بىز ئۆرۈپ يېزىش، تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريا-
نىدا، ئالدىنقى سەككىز بېتىدە رادلوف ئېلان قىلغان فوتو رەسىم
نۇسخىسىغا، قالغان قىسمىدا بانگ بىلەن راخمات 1932-يىلى
«گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى»دا ئېلان قىلغان
نۇسخىسىغا ۋە 1959-يىلى شېرباخ ئېلان قىلغان ئۆرۈپ يېزىلغان
نۇسخىسىغا ئاساسلاندۇق. فرانسىيىلىك پېللىئوت «تۇڭباۋ»دا (1930-
يىلى) ئېلان قىلغان «ئوغۇز داستانى»دىكى بەزى ئەدەبىي جۈملىلەر-
نى تەكشۈرۈپ ئىزاھلىشىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلدۇق.
گوللاندىيىلىك خۇس ۋە رىزانوۋرنىڭ تەتقىقاتىغا دائىر ئەسلى كىتاپ-

---

ئالدىنقى (قول يازمىنىڭ rukopisi, SPb. 1890, str. 191—192
8 بېتىنىڭ فوتو رەسىمىنى ئېلان قىلدى): Das kudatku Bilik,
ئۆرۈپ (مانجۇ يېزىقىدا Theil I, SPb, 1891, str 232—244
يېزىلغان)، str. X—XIII (نېمىسچە تەرجىمىسى).

① رىزانوۋر: Oughouz-namé, épopée turque, Alexandrie, 1928.


② پ. پېللىئوت: Sur la légende d' Ughuz-Khan en écriture Ouigoure, T'oung pao, 1930, Vol. XXVII, pp. 247—358.

③ ۋ. بانگ ۋە گ. ر. راخماتى: Die legende von Oghuz Qaghan, SPAW. Phil.—hist. Kl. XXV.

④ ئا. م. شېرباخ: Oǫuz-name, Moskva, 1959.

نى مەملىكىتىمىزدە تاپقىلى بولمىغاچقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمىدۇق. لاتىنچە ئورۇپ يېزىلغان قىسمىدا ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ھەرپىنى قوللاندۇق، بۇنىڭ ئىچىدە "ī" تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن نۇۋەتلىشىدىغان قەدىمقى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشنى كورسىتىدۇ.

**گېڭ شىمىن**
**تۇرسۇن ئايۇپ**




«ئوغۇزنامە»نىڭ ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھرىدىكى «پۈقرالار
كىتاپخانىسى» دا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىرماش
شەكلى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسىدىن نەمۇنە. باش تەرەپتىن 1 —
4 - بەتلەر.

# ئوروۋپ يېزىلشى

bolsunqïl dəp dədilər. anung angaqusu uxbu turur:  takï mundan song səwinq taptïlar. kənə künlərdən bir kün ay kaqannung kəzü yarïp bodadï, ərkək oqul toqurdï. oxul oqulnung englügi qïraqï kək ərdi, aqïzï atax kïzïl ərdi, kəzləri al, saqlarï, kaxlarï kara ərdilər ərdi. yakxï nəpsikilərdən kerüklugrək ərdi. oxul oqul anasïnïng kegüzündün oquzni iqip mundun artïqrak iqmədi. yig ət, ax, sürmə tilədi, tili kələ baxladï. kïrïk kündün song bədükledi, yürüdi, oynadï.adaqï ud adaqï dəg, bəlləri beri bəlləridəg, yaqrï kix yaqrïdəg, kegüzü aduq kegüzü dəg ərdi. bədəninüng kamaqï tüg tülüklüg ərdi, yïlkïlar kütəyə turur ərdi, atlarqa minə turur ərdi, kik aw awlaya turur ərdi; künlərdən song kəqələrdən song y(i)git boldi. bu qakta bu yərdə bir uluq orman bar ərdi.

20. kəp mürənlər kəp əgüzlər bar ərdi, bunda kəlgən-
21. lər kik kəp kəp, bunda uqķanlar ķux kəp kəp ərdi.
22. oxul orman iq(i)ndə bədük bir kïat(?) bar
23. ərdi, yīlķīlarni, əlgünlərni yər ərdi. bədük
24. yaman bir kik ərdi. birkə əmgə(k) birlə
25. əlgünni basup ərdi. oƣuz kaƣan bir əriz
26. kaƣaz kixi ərdi. bu kīatnī(?) awlam(a)ķ tilədi. kün-
27. lərdə bir kün awƣa qīķti. jīda birlə,
28. ya oķ birlə, takī kīlīq birlə, kalkan
29. birlə atladī. bir buƣu aldī. xul buƣunī tal-
30. nung qubuƣī birlə (y)īƣaqka baƣladī, kətti.
31. andan song ərtə boldī. tang ərtə qaķ-
32. ta kəldi, kərdi kim kïat(?) buƣunī alup
33. turur. kənə bir aduƣ aldī, altunluƣ
34. bəlbaƣī birlə yīƣaqka baƣladī, kətti.
35. mundun song ərtə boldī. tang ərtə
36. qaķta kəldi. kərdi kim kiat(?) aduƣnī alup turur.
37. k(ə)nə oxu (y)īƣaqnīng tüb(i)ndə turdī. kïat(?)
38. kəlip baxï birlə oƣuz ķalķanīn urdī. oƣuz
39. jīda birlə ķīat(?)nīng baxīn urdī, anī
40. əltürdi. kīlīq birlə baxīn kəsti, aldi., kətti. k(ə)nə
41. kəlip kərdi kim: bir xungķar kïat(?)nīng iqəgüsin
42. y(ə)məktə turur. ya birlə ok birlə
43. xungķarnī əltürdi, baxīn kəsti. andan
44. song dədi kim: xungkarnung ang(a)ƣu
45. sī oxbu turur:  buƣu y(ə)di, aduk y(ə)di,
yïdam



«ئوغۇزنامە»نىڭ ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى «پۇقرالار كىتابخانىسى» دا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىرماش شەكلى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسىدىن نەمۇنە. 5 — 8 - بەتلەر.

46. əltürdi, təmür bolsa, kïatni(?) xung
47. ⱪar y(ə)di. ya okum əltürdi, y(ə)z bolsa dəp dədi,
48. kətti. taⱪï ⱪiat(?)nïng anguƣusu oxbu
49. turur:  kənə künlərdə bir kün
50. oƣuz ⱪaƣan bir yərdə təngrini yalbarƣu-
51. da ərdi. ⱪarangƣuluⱪ kəldi. kəktün
52. bir kək yuruk tüxti. kündün aya(n)
53. aydan ⱪuƣulƣulukraⱪ
54. ərdi. oƣuz ⱪaƣan yürüdi, kərdi kim:
55. uxbu yaruⱪnung arasïnda bir ⱪïz
56. bar ərni. yalƣuz olturur ərdi. yakxi kərük-
57. lüg bir kïz ərdi. anung bax(ï)nda atax-
58. luƣ yaruⱪluƣ bir məngi bar ərdi.
59. altun ⱪazuⱪ dəg ərdi. oxul kïz andaƣ
60. kərüklüg ərdi kim külsə, kək
61. təngri külə turur; y(ï)ƣlasa, kək təngri
62. y(ï)ƣlaya turur. oƣuz ⱪaƣan
63. anï kərdüktə əzi kalmadï, kətti, səwdi, aldi, anung
64. birlə yatti, tïləgüsin aldi. təl boƣaz
65. boldï. künlərdən song, kəqələrdən song
66. yarudï, üq ərkək oƣulnï toƣurdï. birinqi-
67. sigə kün at koydïlar, ikinqi-
68. sigə ay at ⱪoydïlar, üqünqü-
69. sügə yulduz at ⱪoydïlar. k(ə)nə bir kün
70. oƣuz ⱪaƣan awƣa kətti. bir
71. kəl aras(ï)nda alïndan bir (y)ïƣaq
72. kərdi. bu (y)ïƣaqnung ⱪabuqaƣïnda
73. bïr ⱪïz bar ərdi. yalƣuz olturur ərdi.

74. yakxī kərüklüg bir kīz ərdi. anung
75. kəzü kəktün kəkrək ərdi,
76. anung saqī mürən usuqī dəg, anung
77. tixi ünqü dəg ərdi. andaq kərük-
78. lüg ərdi kim yərning əlgüni anī kərsə,
79. ay ay ah ah ələrbīz dəp, süttən
80. kumuz bola tururlar. oquz kaqan
81. anī kərdüktə əzi kətti, yürəkigə atax
82. tüxti, anī səwdi, aldī, anung birlə yattī, tiləgü-
83. sün aldī. təl boqaz boldī. künlər
84. dən song, kəqələdən song
85. yarudī, üq ərkək oqulnī toqurdī. birin-
86. qisigə kək at koydīlar, ikin-
87. qisigə taq at koydīlar üqünqü-
88. sügə təngiz at koydīlar.
89. andan song oquz kaqan bədük
90. təy bərdi, əlgüngə yarlīk
91. yarlap kəngəxtilər, kəldilər. kīrīk xirə.
92. kīrīk bəndəng qapturdī (yapturdī). tür-
93. lüg axlar. türlüg sürmələr, qubuyanlar, kīmīzlar
94. ax(a)dīlar. iqtilər. toydan song oquz
95. kaqan bəglərgə əlgünlərgə
96. yarlīk bərdi. takī dədi kim sən
97. lərgə boldum kaqan, alalīng ya takī
98. kalkan; tamqa bizgə bolsun
99. buyan. kək bəri bolsunqīl uran; təmür yīda-
100. lar bol orman. aw yərdə yürüsün kulan;
101. takī taluy takī mürən. kün tuq bolqīl. kək

102. kurïkan dəp dədi. k(ə)nə andən song
103. oqꞁuz kaqꞁan tərt sarïqꞁa yarlïk
104. yumxadï. bildürgülük bitidi, əlqilərgə
105. bərip yibərdi. uxbu bildürgülüktə bitil-
106. mix ərdi kim mən uyqꞁurnïng kaqꞁanï bolamən,
107. kim yərning tərt bulunginung kaqꞁanï
108. bolsam kərək turur. sənlərdən bax qalunqꞁu-
109. luk tiləp mən turur. oxul kim məning aqꞁïz-
110. umqꞁa bakar turur bolsa, tarïtïqꞁ
111. tartip dost tutarmən dəp dədi. uxbu kim
112. aqꞁizumqꞁa bakmas turur bolsa, qamat
113. qakïp qərig qəkip duxman tutarmən.
114. taqꞁurak basïb asturïp yok bolsunqꞁïl
115. dəp kïlurmən dəp dədi. k(ə)nə bu qak-
116. ta ong yangakta altun kaqꞁan
117. dəgən bir kaqꞁan bar ərdi. uxbu altun
118. kaqꞁan oqꞁuz kaqꞁanqꞁa əlqi yumxab
119. yibərdi. kəp təlim altun kümüx tartïp kəp təlim
120. kïz yakut tax alïp kəp təlim ərdənilər yibər-
121. ip yumxap oqꞁuz kaqꞁanqꞁa s(o)yurkap
122. bərdi, aqꞁizïqꞁa bakïndï bəgü birlə
123. dostluk kïldï. anung birlə amïrak
124. boldi. qong yangakïda urum dəgən
125. bir kaqꞁan bar ərdi. uxbu kaqꞁannung
126. qərigi kəp kəp, balïklarï kəp kəp ərdilər
127. ərdi. oxul urum kaqꞁan oqꞁuz kaqꞁan-
128. nung yarlïqꞁïn saklamas ərdi, kataqꞁla-
129. qꞁu barmas ərdi. muni səz səz-

130. ni tutmas mən turur mən dəp yarlik-
131. ķa baķmadī. oɣuz kaɣan qamat
132. atup anga atlaɣu tilədi. qərig birlə
133. atlap tuɣlarnī tutup kətti. ķirīķ
134. kündün song muz taɣ dəgən
135. taɣnung adaɣīɣa kəldi. ķurīkan-
136. nī tüxkürdi, xük bolup uyup turdi. tang ərtə
137. bolduķta oɣuz ķaɣannung
138. kurīķanīɣa kün dəg bir
139. yaruķ kirdi. ol yaruktun kək
140. tülüklüg, kək yalluɣ bədük
141. bir ərkək bəri qīķtī. oxul bəri oɣuz
142. ķaɣanɣa səz bərip turur ərdi.
143. taķī dədi kim ay ay, oɣuz, urum
144. üstigə sən atlar bolasən.
145. ay ay, oɣuz tapuɣunglarɣa mən
146. yürür bolamən dəp dədi. k(ə)nə
147. andan song oɣuz ķaɣan
148. ķurīķannī türtürdi, kətti, kərdi
149. kim qərigning tapuķlarī-
150. da kək türüklüg kək yalluɣ
151. bədük bir ərkək bəri yürügüdə
152. turur. ol bərining artlarīn kataɣ-
153. lap yürügüdə turur ərdilər ərdi. bir
154. nəqə künlərdən song kək
155. tülüklüg kək yallüɣ bu bədük
156. ərkək bəri turup turdī. oɣuz takī qərig
157. birlə turup turdī. munda itil mürən dəgən

158. bir talay bar ərdi. itil mürənnung kuduoq-
159. īda bir kara taoq tapīoqīda
160. uruxoqu tutuldī. ok birlə yīda
161. birlə kīlīq birlə uruxtīlar. qərig-
162. lərning aralarīda kəp təlim boldī uruxoqu,
163. əlgünlərning kəngülləridə
164. kəp təlim boldī kayoqu. tutulunq, uruxunq
165. andaoq yaman boldī kim itil mürən-
166. nüng suoqī kīp kīzīl, sip singir dəg
167. boldī. oqquz kaoqan bastī. urum kaoqan
168. kaqtī.oqquz kaoqan urum kaoqan-
169. nung kaoqanluoqīn aldī, əl
170. günin aldī. ordusīoqa kəp
171. uluoq əlüg baroqu. kəp təlim tirig
172. baroqu tüxü boldī. urum kaoqannung
163. bir karundaxī bar ərdi. urus bəg dəgən
174. ərdi. ol urus bəg oqulun taoq baxī-
175. da tərəng mürən arasīda
176. y(a)kxī bərk balukka yumxadī. takī
177. dədi kim baluknī kataoqlaoqu kərək turur.
178. sən takī uruxoqulardan song baluk-
179. nī bəngə saklap kəlgil, dəp dədi. oqquz
180. kaoqan oxul balukka atladī. urus
181. bəgning oqulī anga kəp altun
182. kümüx yibərdī. takī dədi kim: ay, məning
183. kaoqanum sən. məngə atam bu
184. baluknī bərüp turur. takī dədi kim: baluk-
185. nī kataoqlaoqu kərək turur. sən takī

186 uruxoqulardan song baluknī bəngə
187 saklap kəlgil, dəp dədi atam qamat atup ərsə
188. mənüng tapum ərürmü? səndən
189. yarluk baoqluoq bəllüg bolamən.
190. bizning kut(ī)bīz səning
191. kutung bolmux, bizning uruoq(ī)·
192. bīz səning (y)īoqaq(u)ngnung
193. uuruoqī bolmux bolub turur. təngri sən·
194. gə yər bərip buyurmux bolup turur. mən səngə
195. baxumnī kutumnī bərəmən. bərgü
196. bərip dostluktan qīkmas tur(urmən),
197. dəp dədi. ooquz kaoqan y(i)gitning
198. sezün y(a)kxī kərdi, səwindi, küldi. takī
199. aytti kim: məngə kəp altun yumxapsən
200. baluknī yakxī saklabsən dəp dədi. anung
201. üqün anga saklap at koydī, dostluk
202. kīldī. k(ə)nə qərig birlə ooquz kaoqan
203. itil dəgən mürən(gə kəlti). itil (dəgən)
204. bədük bir (mürən) turur. ooquz kaoqan anī
205. kərdi. takī dədi kim: itilning suoqīdan
206. nəqük kəqərbiz dəp dədi. qərigdə bir
207. y(a)kxī bəg bər ərdi. anung atī uluoq ordu
208. bəg ərdi. uzluoq (ukoquluoq) bir ər ərdi.
209. kərdi kim (kuduoqīda kəp təlim) tallar, kəp təlim
210. yīoqaqlar (bar ərdi. uxbu bəg···)oxul yīoqaq
211. lar······ kəsti. yīoqaqlarda
212. yattī, kəqti. ooquz kaoqan səwinq attī. küldü.
213. takī aytti kim: ay ay, sən munda bəg

214. bolung ķipqaķ dəgən sən bəg bolung
215. dəp dədi. taķī ilgərü kəttilər. andan song
216. oƣuz kaƣan k(ə)nə kək tülüklüg
217. kək yalluƣ ərkək bəri kərdi. uxbu kək
218. bəri oƣuz ķaƣanƣa ayttī kim: əmdi
219. qərig birlə mundun atlang, oƣuz
220. atlap əlgünlərni, bəglərni kəldür-
221. gil, mən səngə baxlap yolnī kərgürür-
222. mən dəp dədi. tang ərtə boldukta
223. oƣuz ķaƣan kərdi kim ərkək bəri
224. qərigning tapuķlarīda yürügü-
225. də turur. s(ə)w(i)ndi, ilgərü kətti. oƣuz
226. kaƣan bir qoķurtan ayƣīr atķa minə
227. turur ərdi. oxul ayƣīr atnī bək qok səw(ə)yür
228. ərdi. yolda uxbu ayƣīr at kəzdən yitü
229. ķ(a)qtī, kətti. munda uluƣ bir taƣ bar
230. ərdi. üzə üstündə tong taķī muz
231. bar turur. anung baxī soƣuķtan ap ak
232. turur. anung üqün anung atī muz taƣ
233. turur. oƣuz kaƣannīng atī muz taƣ
234, iqigə kaqīp kətti. oƣuz kaƣan mundan
235. kəp qaƣī əmgək qəküp turdī. qərigdə
236. bir bədük ķaƣīz ər bəg bar ərdi.
237. qalang bulangdan koruķmas turur
238. ərdi. yürügüdə soƣurƣuda onga
239. ər ərdi. oxul bəg taƣlarƣa kirdi,
240. yürüdü. toķuz kündün song oƣuz
241. kaƣanƣa ayƣīr atnī kəldürdi. muz

242. taƣlarda kəb soƣuk bolupdan ol bəg
243. ķaƣardan sarunmīx ərdi, ap aķ ərdi. oƣuz
244. ķaƣan səw(i)nq birlə küldü, aytti kim:
245. ay, sən munda bəglərgə boloƣīl baxlīƣ,
246. (mə) m(ə)ng(ü)ləp səngə at bolsun ķaƣarlīƣ
247. dəp dədi. kep ərdəni soyurkadī, ilgərü kətti.
248. k(ə)nə yolda bədük bir üy kərdi. bu üynüng
249. taƣamī altundan ərdi, tungluķlarī taķī
250. kümüxtün, ķalīk(a)larī təmürdün ərdilər
251. ərdi. ķapuluƣ ərdi, aqķīq yok ərdi.
252. qərigdə bir y(a)ķxī qəbər ər bar ərdi, anung
253. atī təmürdü ķaƣul dəgən ərdi. anga
254. yarlīķ ķīldī kim: sən munda ķal, aq ķalīk(a)
255. aqƣungdun song kəl orduƣa dəp
256. dədi. mundan anga ķalaq at ķoydī. ilgə-
357. rü kətti. k(ə)nə bir kün kək tülük-
258. lüg kək yalluƣ ərkək bəri yürüməyin
259. turdī. oƣuz kaƣan takī turdī, ķurīkan
260. tüxkürə turƣan turdī. tarlaƣusīz
261. bir yazī yər ərdi. munga qürqit dədürürlər ərdi.
262. bədük bir yurt, əlgün ərdi. yīlkīlarī
263. kəp, ud, buzaƣlarī kəp, altun kümüxləri kəp,
264. ərdənilari kəp ərdilər ərdi. munda qürqit ķaƣan-
265. ī əlgüni oƣuz ķaƣanƣa ķarxu
266. kəldilər. urux toķux baxlandī. oķlar birlə ķīlīq-
267. lar birlə uruxtīlar. oƣuz ķaƣan baxtī,
268. qürqit ķaƣannī bastī, əltürdi, baxīn
269. kəsti. qürqit əlgünin əz aƣīzīƣa

270. baķïndurdï. u(rux)ƣudun song oƣuz kaƣan-
271. nung qərigigə, nəkərlərigə əlgün-
272. igə andaƣ uluƣ əlüg barƣu tüxti kim
273. yükləməkkə kəldürməkkə at, kaƣatïr, ud
274. azlik boldï. anda oƣuz ķaƣannung
275. qərigidə uzluƣ yaxkï bir qəbər kixi bar ərdi. anïng
276. atï barmaķluƣ yosun billig ərdi. bu qəbər
277. bir ķanƣa qaptï. kanƣa üstündə əlüg
278. barƣunï koydï, ķanƣa baxïda tirig
279. barƣunï koydï, tar(ï)ttïlar, kəttilər. nəkərlər-
280. nüng əlgünnüng kamaƣï munï kərdilər, xaxtïlar.
281. ķanƣalar takï qaptïlar. munlar ķanƣa yürüməк-
282. tə kanƣa, ķanƣa səz bərə turur
283. ərdilər ərdi. anung üqün anlarƣa
284. kanƣa at ķoydïlar. oƣuz ķaƣan kanƣa-
285. larnï kərdi, küldi. takï ayttï kim: ķanƣa, ķanƣa
286. birlə əlügni tirig yürügürsün, kanƣa-
287. luƣ səngə at boloƣuluƣ kanƣa
288. bilgürsün dəp dədi, kətti. andan song
289. kənə bu (kək) tülüklüg kək yalluƣ
290. ərkək bəri birlə sïndu. takï tangƣut. takï
291. xaƣam yangƣaklarïƣa atlap kətti.
292. kəp uruxƣudan kəp tokuxƣudun song
293. anlarnï aldï, əz yurtïƣa birlədi.
294. bax(a)tï, bastï. k(ə)nə taxķarun ķalmasun
295. billüg bolsun kim: kündünki bulungda
296. barķan dəgən bir yər bar turur. uluƣ
297. barƣuluƣ bir yurt turur. kəp isiƣ bir yər

298. turur. munda kəp kikləri. kəp kuxlarī bar turur,
299. altunī kəp, kümüxi kəp, ərdəniləri kəp turur. əlgün-
300. lərining ənglügi qīraqī kap kara turur.
301. oxul yərning kaqanī masar dəgən bir kaqan
302. ərdi. oquz kaqan anung üstigə
303. atladī. andaq yaman uruxqu boldī. oquz
304. kaqan bax(a)tī, masar kaqan kaqtī. oquz
305. anī bastī, yurtīn aldī, kətti. anung dostlarī
306. kəp səwinq(lər) taptī, anung duxmanlarī kəp
307. kayqular t(aptī). oquz kaqan (anī) bax(a)tī,
308. sanaquluksïz nəmələr yilkī-
309. lar aldī, yurtīqa üyigə tüxti, kətti.
310. k(ə)nə qaxkarun kalmasun kim
311. billüg bolsun kim oquz kaqannung
312. yanīda ak sakalluq muz saqluq
313. uzun uzluq bir kart kixi turur bar ərdi,
314. ukquluq tüzün bir ər ərdi, tüximəl
315. ərdi. anung atī uluq türük ərdi. kün-
316. lərdə bir kün yikuda bir altun
317. ya kərdi. takī üq kümüx ok kərdi. bu altun
318. ya kün tokuxīdan da kün batuxī-
319. qaqa tə(k)kən ərdi. takī bu üq
320. kümüx ok tün yangakka kətə
321. turur ərdi. uykudun song tüxtə kər-
322. gənin oquz kaqanqa bildürdi,
323. takī dədi kim: ay, kaqanum, səngə
324. yax(a)qu bols(un)qīl uzu(n), (ay, kaqan)um səngə
325. tər(ü)lük bols(unqīl tüzün. (bəngə kək)

326. təñgri bərdi tüxümdə kəldürsün, talay
327. turur yərni uruoqungoqa bərdürsün
328. dəp dədi. ooquz kaoqan uluoq türük-
329. nüng sezün y(a)kxi kərdi, əgüdün
330. tilədi. əgüdügə kərə kīldī. andan
331. song ərtə bolupda akalarnī ini-
332. lərni qarlap kəldürdi. taki aytti kim: ay, məning
333. kəngülüm awnī tiləp turur. karī boloqumdan
334. məning kaoqīzluoqum yok turur. kün,
335. ay, yulduz tang sarīoqa sənlər barung.
336. kək, taoq, təngiz tün sarīoqa sən-
337. lər barung dəp dədi. andan song üqəgü-
338. sü tang sarīoqa bardīlar, takī üqəgü-
339. sü tün sarīoqa bardīlar. kün, ay,
340. yulduz kəp kiklər, kəp kuxlar awlaoqu-
341. larīdan song yolda bir altun yanī
342. qaptīlar, aldī(lar), atasī(oqa bərdilər).
343. (ooquz kaoqan səwindi, küldi. takī anī)
344. üq buzoquluk kīldi. takī (aytti) kim: ay, aka-
345. lar ya bolsun sənlərnung, ya dəg
346. oklarnī kəkkəqə atung dəp
347. dədi. k(ə)nə andan song kək, taoq,
348. təngiz kəp kiklər, kəp kuxlar awlaoqu-
349. larīdan song yolda üq kümüx ok-
350. (ni) qaptīlar, aldīlar, atasīoqa bərdilər.
351. ooquz kaoqan səwindi küldi. takī ok-
352. larnī üqügə üləxtürdi. takī aytti
353. (k)im: ay, inilər oklar bolsun sələr-

354. nüng. ya attī oķni. oķlar dəg
355. sənlər bolung dəp dədi. k(ə)n(ə) andan
356. song ooɋuz ķaoɋan uluoɋ ķuriltay
357. qaķīrdī. nekərlərin əlgünlərin
358. qarlp qaķīrdī. kəlip kəngəxip olturdī(l)ar ouɋuz
359. ķaoɋan bədük ordu(da)······
360. ······(ong yaoɋīda)
361. (ķīrīķ ķulaq yīoɋaqnī tiktürdi. anung)
362. baxīda bir altun (taoɋuk ķoydī. adaoɋī)
363. da bir aķ ķoyun baoɋladī. (qo)ng
364. yaoɋīda ķīrīķ ķulaq y(ī)oɋaqnī tiktür-
365. di. anung baxīda bir ķümüx taoɋuķ ķoydi,
366. adaoɋīda bir ķara ķoyunnī baoɋladī.
367. (ong) yaķta buzuķlar olturdī,
368. qong yaķta üq oķlar olturdī.
369. kīrīķ kün kīrīķ kəqə ax(a)dīlar
370. i(q)tilər, səwinq taptīlar andan song ķaoɋan
371. (ooɋ)ullarīoɋa yurtīn ül(ə)xtürüp bərdi, taķī dədi kim:
372. ay, (ooɋ)ullar, kəp mən axtum, uruxoɋular kəp mən
kərdum,
373. jīda bilə kəp oķ attum. ayoɋīr b(i)rlə kəp yürü-
374. düm, duxmanlarnī y(ī)oɋlaoɋurdum, dostlarumnī mən
375. küldurdüm. kək təngrigə mən etədüm,
376. sizlərgə bərəmən yurtum dəp dədi······
377. ···········
378. ············

# تەرجىمىسى

## (1)①

1②. ئاشۇنداق بولسۇن دېيىشتى. ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق:

(بۇقىنىڭ رەسمى سىزىلغان)

2. شۇندىن كېيىن شاتلىققا مۇيەسسەر بولدى.

3. بىر كۈنى ئايخانىنىڭ كوزى يورىدى.

4. ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى.

5. بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز-چىرايى كوك ئىدى،

6. ئاغزى چوغدەك قىزىل، كوزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى

7. قارا ئىدى. ئۇ ھور پەرىلەردىنمۇ

8. چىرايلىغراق ئىدى. بۇ ئوغۇل

9. ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ

---

① تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان (1)، (2)، (3)......رەقەملىرى «ئوغۇزنامە»نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىكى بەت سانىنى كورسىتىدۇ.

② ھەر بىر قۇرنىڭ بېشىغا قويۇلغان 1.، 2.، 3......رەقەملىرى «ئوغۇزنامە»نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىكى قۇر سانىنى كورسىتىدۇ.

## (2)

10. ئانىسنى ئەممىدى. خام گوش، ئاش، مەي سورىدى،
11. تىلى چىقىشقا باشلىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن.
12. چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى. ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك،
13. بېلى بورى بېلىدەك، مورىسى قارا بۇلغۇن مورىسىدەك، كوكسى
14. ئېيىق كوكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان ئىدى.
15. ئۇ يىلقىلارغا قارايتتى،
16. ئاتلارنى مىنەتتى، ئۇۋ ئۇۋلايتتى.
17. كۈنلەر ئوتۇپ، تۈنلەر ئوتۇپ،

## (3)

18. ئۇ، يىگىت بولدى. بۇ چاغدا، بۇ
19. يەردە، بىر چوڭ ئورمان بار ئىدى.
20. ئۇنىڭدا كوپ دەريا-ئېقىنلار بار ئىدى.
21. بۇ يەردە ياۋايى هايۋانلار كوپ ئىدى، قۇشلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.
22. بۇ ئورمان ئىچىدە چوڭ بىر قىئات بار ئىدى،
23. ئۇ مال-چارۋا ۋە خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان
24. ئىنتايىن ۋەهشى بىر هايۋان ئىدى، ئۇ ئەل-جامائەتكە زور
25. جەۋرى-جاپا كەلتۈرگەن ئىدى. ئوغۇز خاقان بىر

26. باتۇر ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ قىئاتنى ئوۋلىماقچى بولدى.
27. كۆلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋغا چىقتى.

## (4)

28. نەيزە ئېلىپ، ئوق، يا ئېلىپ، يەنە قىلىچ ئېلىپ، قالقان ئېلىپ
29. ئاتلاندى. بىر بۇغا ئوۋلىدى، ئۇ، بۇ بۇغىنى
30. تالىنىڭ چۈشىقى بىلەن دەرەخقە باغلاپ قويۇپ كەتتى.
31. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كەلگىنىدە،
32. كوردىكى قىئات بۇغىنى ئېلىپ
33. كېتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر ئېيىق ئوۋلاپ،
34. ئۇنى ئالتۇن بەلۋىغى بىلەن دەرەخقە باغلاپ قويۇپ كەتتى.
35. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا
36. كەلگىنىدە، كوردىكى، قىئات ئېيىقنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

## (5)

37. ئۇ (ھىلىقى) دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۇرغىنىدا،
38. قىئات كېلىپ بېشىنى ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا ئۇردى.
39. ئوغۇز نەيزىسىنى قىئاتنىڭ بېشىغا ئۇردى، ئۇنى
40. ئۆلتۈردى، قىلىچ بىلەن بېشىنى كەستى. ئۇنى ئېلىپ كەتتى،
41. ئۇ يەنە كەلگىنىدە كوردىكى، بىر شۇڭقار قىئاتنىڭ ئىچ-
باغرىنى
42. يەپ تۇرغان، ئۇ شۇڭقارنى ئوقيا

43. بىلەن ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. ئاندىن
44. كېيىن ئۇ ئېيتتى: "قاراڭ، مانا بۇ شۇڭقارنىڭ تۇرقى (بىر شۇڭقارنىڭ رەسىمى سىزىلغان).
45. قىئات بۇغا يىدى، ئېيىق يىدى، ئۇ گەرچە تومۇردەك قاتتىق

(6)

46. بولسىمۇ نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى،
47. شۇڭقار قىئاتنى يىدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ،
48. ئوقيايىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى." سوزلەپ بولۇپ كېتىپ قالدى. مانا بۇ
49. قىئاتنىڭ تۇرقى (قىئاتنىڭ رەسىمى سىزىلغان). كۈنلەرنىڭ بىرىدە
50. ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سىغىنىۋاتقىنىدا، (ئەتراپ)
51. قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر
52. كوك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق،
53. ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى.
54. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا

(7)

55. بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە، بىر قىز
56. تەنها ئولتۇرغان.
57. ئۇ ساھىپ جامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك

58. پاقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى

59. تومۇر قوزۇققا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى،

60. ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى،

61. ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان

62. ئۇنى كورگىنىدە پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھۇشىدىن كەتتى،

63. ئۇنىڭغا كويۈپ قالدى، ئۇنى ئالدى.

## (8)

64. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتتى، تىلىگىگە يەتتى.

65. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى، كۈنلەر ئوتۈپ، تۈنلەر ئوتۈپ،

66. ئۇنىڭ كوزى يورىدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى.

67. تۇنجىسىغا كۈن دەپ،

68. ئوتتۇرانجىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە

69. يۇلتۇز دەپ ئات قويدى. بىر كۈنى

70. ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى.

71. ئالدىدىكى كولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ

72. دەرەخنى كوردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا،

## (9)

73. بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى.

74. ئۇ ئىنتايىن ساھىپ جامال ئىدى، ئۇنىڭ

75. كوزى ئاسماندىنمۇ كوكرەك،
76. چىچى سۇ ئىقىمىدەك،
77. چىشى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنداق
78. ساھىپ جامال قىز ئىدىكى، يەر- جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كورسە
79. "ئاھ، ئاھ، جاننى ئالدىكەن" دەرلەر ئىدى. سۈت
80. قىسىزغا ئايلاندى. ئوغۇز خاقان
81. ئۇنى كورگىنىدە ھۇشىدىن كەتتى، يۈرۈگىگە

## (10)

82. ئوت چۈشتى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى، ئۇنى ئالدى، ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ياتتى،
83. تىلىگىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى.
84. كۈنلەر ئوتۇپ، تۈنلەر ئوتۇپ،
85. ئۇ يەڭگىدى. ئۈچ ئوغۇل تۇغدى.
86. تۇنجىسىغا كوك،
87. ئوتتۇرانجىسىغا تاغ،
88. كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى.
89. شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان چوڭ
90. توي بەردى، ئەل- جامائەتنى تەكلىپ قىلدى.

## (11)

91. ئۇلار كېلىپ قاتناشتى. قىرىق شىرە،

92. قىرىق بەندۈك ياساتتى،
93. كۈپچىلىك تۈرلۈك نازى-نىمەتنى يىيىشتى،
94. تۈرلۈك مەي-شاراپلار ئىچىشتى. تويدىن كېيىن،
95. ئوغۇز خاقان بەگلەرگە ۋە ئەل-جامائەتكە
96. يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دىدى:
97. "مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار
98. يا بىلەن قالقان؛ تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
99. كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران؛

## (12)

100. تومۇر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، ئوۋلىقتا
101. يۈرۈشسۇن مال-ۋاران؛ ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن،
102. قوياش توغ بولسۇن،
103. ئاسمان قورغان." ئاندىن كېيىن، ئوغۇز
104. خاقان تەرەپكە يارلىق چىقاردى. مەكتۇپ يېزىپ
105. ئەلچىلەردىن ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتە مۇنداق دېيىلگەن:
106. "مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن،
107. مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى
108. بولۇشۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بوي سۇنۇشىڭلارنى

## (13)

109. سورايمەن. كىمكى مېنىڭ ئاغزىمغا

110. باقسا، مەن ئۇنىڭغا تارتۇق تارتىپ،
111. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن.
112. كىمكى ئاغزىمغا باقمىسا، غەزەپ بىلەن
113. لەشكەر تارتىپ،
114. ئۇنى ئۇزۇمگە دۇشمەن تۇتىمەن.
115. لەشكەرلىرىم ھەممىلا يەردە سىلەرنى يوقىتىدۇ"
116. بۇ چاغدا، ئۇلۇغ تەرەپتە
117. ئالتۇن خاقان دىگەن بىر خاقان بار ئىدى. بۇ

## (14)

118. ئالتۇن خاقان ئوغۇز خاقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ،
119. نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش،
120. نۇرغۇن ياقۇت، ئۈنچە-مەرۋايىتنى سوغا قىلىپ،
121. ئوغۇز خاقانغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئوغۇز خاقان
122. ئۇنىڭ ياخشى بەگلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى.
123. ئالتۇن خاقان بىلەن دوست بولدى.
124. سول تەرەپتە ئۇرۇم (رىم) دىگەن
125. بىر خاقان بار ئىدى. بۇ خاقانىڭ
126. لەشكەرلىرى ۋە شەھەرلىرى نۇرغۇن ئىدى.

## (15)

127. بۇ ئۇرۇم خاقان ئوغۇز

128. خاقاننىڭ يارلىغىنى قوبۇل
129. قىلمىدى، ئۇنى ھورمەتلەپ ئالدىغا بارمىدى
130. "بۇ سوزلەرگە پىسەن قىلمايمەن" دەپ يارلىققا بوي سۇنمىدى.
131. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقاننىڭ
132. غەزىۋى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقىرىشقا تەييارلاندى.
133. تۇغلىرىنى كوتىرىپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاتلاندى.
134. قىرىق كۇندىن كېيىن، مۇز تاغ دىگەن
135. تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى.

## (16)

136. چىدىر تىكىپ، شۈك بولۇپ ئۇخلاشتى.
137. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇز خاقاننىڭ
138. چىدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى.
139. ئۇ يورۇق ئىچىدىن، كوك
140. تۈكلۈك، كوك يايلىلىق چوڭ
141. بىر ئەركەك بورى چىقتى. بۇ بورى ئوغۇز
142. خاقانغا مۇنداق دىدى:
143. "ھەي، ئوغۇز سەن
144. ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ،

## (17)

145. مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن."

146. شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان

147. چېدىرلىرىنى يىغىپ، ئاتلاندى.

148. قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا

149. كوك تۈكلۈك، كوك يايلىلىق

150. چوڭ بىر ئەركەك بورى

151. يول باشلاپ مېڭىۋاتقان، بۇنىڭ بىلەن

152. ئۇلار بورىنىڭ كەينىدىن

153. ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى.

## (18)

154. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كوك

155. تۈكلۈك، كوك يايلىلىق بۇ چوڭ

156. ئەركەك بورى يولىدىن توختىدى. ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى

157. بىلەن بىرگە توختىدى. بۇ يەردە ئىتىل

158. دىگەن بىر دەريا بار ئىدى. ئىتىل دەرياسىنىڭ

159. قىرغىقىدىكى قارا تاغ باغرىدا

160. قاتتىق ئۇرۇش بولدى.

161. ئىككى قوشۇن ئارىسىدا ناھايىتى كوپ

162. جىددى ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش

## (19)

163. ئەل - جامائەتنىڭ كوڭلىگە كوپ قايغۇ

164. سالـدى. ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق بولدىكى،
165. ئىتىل دەرياسىنىڭ سۈيى
166. قىپ ــ قىزىل سىرغا ئايلاندى.
167. ئوغۇز خاقان يەڭدى،
168. ئۇرۇم خاقان قاچتى. ئوغۇز خاقان
169. ئۇرۇم خاقانىنىڭ خاقانلىغىنى ئالدى،
170. ئەل ــ جامائەتنى ئۆزىگە قاراتتى، ئۇرغۇنلىغان جانسىز
171. ۋە جانلىق غەنىيمەتلەر ئوغۇز خاقانىنىڭ

## (20)

172. ئوردىسىغا كىردى. ئۇرۇم خاقانىنىڭ بىر
173. قېرىنداشى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ئۇرۇس بەگ ئىدى.
174. ئۇرۇس بەگ ئوغلىنى
175. تاغ بېشىغا جايلاشقان، ئەتراپى
176. چوڭقۇر خەندەك بىلەن ئورالغان،
177. شەھەرنى قوغداشقا ئەۋەتتى. ھەمدە ئوغلىغا
178. "شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ،
179. شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك" دېدى.
180. ئوغۇز خاقان ئاشۇ شەھەرگە ئاتلاندى.

## (21)

181. ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلى ئوغۇز خاقانغا

182. نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەكەلدى،

183. ھەمدە: "ئىخ، سەن مېنىڭ خاقانىمسەن!

184. ئاتام بۇ شەھەرنى ماڭا بەرگەن ھەمدە

185. شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ،

186. شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك دېگەن،

200. شەھەرنى ياخشى ساقلاپسەن" دىدى.
201. شۇڭا ئۇنىڭغا "ساقلاپ" دەپ ئات قويدى،
202. ئۇنىڭغا دوستلۇق قىلدى. شۇندىن كېيىن ئوغۇز خاقان
203. لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئىتىل دەرياسىغا كەلدى.
204. ئىتىل دەرياسى چوڭ بىر دەريا ئىدى.
205. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرۈپ ئېيتتىكى:
206. "ئىتىلنىڭ سۈيىدىن قانداق ئۆتەرمىز؟" لەشكەرلەر ئىچىدە
207. ئۇلۇس ئوردا بەگ دىگەن بىر ياخشى بەگ بار ئىدى.

## (24)

208. ئۇ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى.
209. ئۇ بەگ دەريا بويىدا نۇرغۇن تال-ياغاچلارنىڭ تۇرغانلىغىنى
210. كوردى، بۇنىڭ بىلەن ھىلقى بەگ......ئاشۇ ياغاچلار......
211. كەستى. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئوزلىرى ئۇنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ ئىتىل دەرياسىدىن ئوتتى.
212. ئوغۇز خاقان شاتلىنىپ كۈلدى، ئېيتتىكى:
213. "ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ،
214. قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن."
215. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرلەپ ماڭدى.
216. شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان يەنە ھىلقى كوك تۈكلۈك،

## (25)

217. كوك يايلىلىق ئەركەك بورىنى كوردى.

218. بۇ كوك بورى ئوغۇز خاقانغا ئېيتتىكى:
219. "ئوغۇز، ئەمدى لەشكەرلىرىڭنى باشلاپ بۇ يەردىن قوزغال.
220. سەن ئەل - جامائەت ۋە بەگلەرنى باشلاپ ماڭ.
221. مەن ساڭا يول باشلاپ ماڭىمەن."
222. تاڭ ئاتقاندا، ئوغۇز خاقان ئەركەك
223. بورىنىڭ لەشكەرلىرى ئالدىدا،
224. يول باشلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كورۇپ شاتلاندى
225. ھەمدە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭدى.

## (26)

226. ئوغۇز خاقان بىر چىپار ئايغىر ئاتقا
227. مىنەتتى. ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن
228. ياخشى كورەتتى. يولدا بۇ ئايغىر كوزدىن
229. يوقتتى. بۇ يەردە ئېگىز بىر تاغ بار ئىدى.
230. ئۇنىڭ ئۇستىدە توڭ - مۇزلار بار ئىدى.
231. ئۇنىڭ چوققىسىدا ئاپپاق قارلار بار ئىدى،
232. شۇڭا بۇ تاغ مۇز تاغ
233. دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇز خاقانىڭ ئېتى
234. مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

## (27)

236. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقان ئۇزۇنغىچە ئازاپ چەكتى.

236. لەشكەر ئىچىدە بەستىلىك ۋە تەمبەل بىر ئەر بار ئىدى،
237. ئۇ ھىچنىمىدىن قورقماس باتۇر ئادەم ئىدى.
238. جەڭلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن ئادەم ئىدى.
239. بۇ ئادەم ئاتنى ئىزدىگىلى تاقىقا كىردى.
240. توققۇز كۈندىن كېيىن، ئوغۇز خاقانغا
241. ئايغىرنى ھازىر قىلدى. مۇز تاغ
242. ئىنتايىن سوغ بولغاچقا، بۇ بەگنىڭ پۈتۈن ئەت-جانىنى
243. قار-مۇز قاپلىغان ئىدى.

## (28)

244. ئوغۇز خاقان خۇرسەن بولۇپ كۈلدى، ئېيتتىكى:
245. "ھەي، سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق،
246. مەڭگۈلۈك ئىسمىڭ بولسۇن ساڭا قارلۇق." ھەمدە
247. ئۇنىڭغا نۇرغۇن دۇنيا تەقدىم قىلدى. يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.
248. ئۇ يولدا ئىگىز بىر ئۆينى كوردى،
249. بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈگى كۈمۈشتىن،
250. ئىشىگى تومۇردىن ياسالغان ئىدى.
251. ئىشىگى قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى.
252. لەشكەر ئىچىدە بىر چىۋەر ئۇستام بار ئىدى.

## (29)

253. ئۇنىڭ ئىسمى تومۇردۇ قاغۇل ئىدى.
254. ئوغۇز ئۇنىڭغا: "سەن بۇ يەردە قال،

255. ئىشكنى ئاچ، ئىشكنى ئاچقاندىن كېيىن
256. ئوردىغا قايتىپ بار" دەپ يارلىق چۈشەردى ھەمدە ئۇنىڭغا
قالاچ دەپ ئات قويدى.
257. يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بىر كۈنى كوك تۆكلۈك،
258. كوك يايلىلىق ئەركەك بورى يەنە يولدىن توختىدى.
259. ئوغۇز خاقانمۇ يولدىن توختاپ، چېدىرلىرىنى تىكتى.
260. بۇ تىبرىلمىغان تۆزلەڭلىك بىر يەر بولۇپ،
261. چۈرچىت دەپ ئاتىلاتتى.

## (30)

262. ئۇنىڭ ئەل - جامائىتى كوپ، يەرلىرى كەڭ ئىدى.
263. بۇ يەردە يىلقىلار، پادا - كالىلار، ئالتۇن كۈمۈش،
264. ئۈنچە - مەرۋايىتلار كوپ ئىدى. چۈرچىت خاقان
265. ۋە ئەل - جامائىتى ئوغۇز خاقانغا قارشىلىق بىلدۈردى.
266. ئۇرۇش باشلاندى. ئىككى تەرەپ ئوق چىقىرىپ، قىلىچ
267. ئۇرۇشۇپ جەڭ قىلدى. ئوغۇز خاقان چۈرچىت
268. خاقانىنى يەڭدى، ئۇنىڭ بېشىنى
269. ئېلىپ ئولتۇردى. چۈرچىتنىڭ ئەل - جامائىتىنى
270. ئوز ئاغزىغا قاراتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن،

## (31)

271. ئوغۇز خاقانىنىڭ لەشكەرلىرىگە، نوكەرلىرىگە ۋە

272. خەلقىگە شۇنداق كوپ غەنىمەتلەر چۈشتىكى،
273. ئۇنى توشۇشقا شۇنچىلا ئات، قېچىر، كالىلار
274. ئازلىق قىلدى. ئوغۇز خاقاننىڭ
275. لەشكىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چېۋەر كىشى بار بولۇپ،
276. ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىللىگ ئىدى.
277. بۇ چېۋەر ئادەم بىر ئىگىز هارۋا ياسىدى. هارۋا ئۇستىگە
278. جانسىز غەنىمەتلەرنى قاچىلىدى، هارۋىنىڭ ئالدىغا
279. جانلىق غەنىمەتلەرنى قوشتى، ئۇلارغا هارۋىنى تارتقۇزدى.

## (32)

280. نوكەرلەر، ئەل - جامائەت بۇنى كورۇپ
281. هەيران بولدى، ئۇلارمۇ هارۋا ياسىدى.
282. ئىگىز هارۋا ماڭغاندا "قانغا، قانغا" دىگەن ئاۋاز چىقاتتى،
283. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا "قانغا" دەپ
284. ئات قويدى. ئوغۇز خاقان قانغالارنى كورۇپ،
285. كۇلدى، ئېيتتىكى: "قانغا بىلەن جانسىز غەنىمەتنى
286. جانلىق غەنىمەت سورەپ ماڭىدىكەن.
287. ئىگىز هارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، قانغۇلۇق
288. ساڭا ئات بولسۇن." سوزنى تۈگىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

## (33)

289. ئاندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان يەنە كوك تۇكلۇك، كوك يايىللىق

290. ئەركەك بورى بىلەن بىللە سىندۇ، تاڭغۇت،
291. شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى.
292. كوپ ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلاردىن كېيىن،
293. ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇ يەرلەرنى ئوز دولەت تېررىتورىيىسىگە قوشتى.
294. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك،
295. جەنۇپ تەرەپتە بارقان دىگەن
296. يەرنىڭ بارلىقىنى بىلىش كېرەك. ئۇ يەر
297. ناھايىتى مۇنبەت ۋە ئىسسىق يەر ئىكەن.

(34)

298. ئۇ يەردە ھايۋاناتلار ۋە قۇشلار كوپ ئىكەن،
299. ئالتۇن، كۈمۈش، بايلىق كوپ ئىكەن.
300. ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ چىرايى قاپ-قارا ئىكەن.
301. خاقانىنىڭ ئىسمى ماسار خاقان ئىكەن.
302. ئوغۇز خاقان شۇ جايغا ئاتلاندى.
303. ئىنتايىن قاتتىق ئۇرۇش بولدى.
304. ئوغۇز خاقان يەڭدى، ماسار خاقان قاچتى.
305. ئوغۇز خاقان بۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ دوستلىرى
306. خۇرسەن بولدى، دۈشمەنلىرى زار

## (35)

307. قاقشىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى يەڭگەندىن كېيىن،
308. پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىققا ۋە مال-چارۋىغا ئىگە بولدى
309. ھەممە ئۇلارنى ئۇز ئېلىگە توشۇپ كەتتى.
310. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك،
311. كىشىلەرگە بىلدۈرۈش كېرەك، ئوغۇز خاقاننىڭ
312. يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق،
313. قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى.
314. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى،
315. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرۈك ئىدى.

## (36)

316. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە
317. بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كوردى.
318. بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان
319. ئىدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى
320. شىمالنى كورسىتىپ تۇراتتى.
321. ئويغۇدىن كېيىن، ئۇ چۈشىگە كەشكەنلىرىنى
322. ئوغۇز خاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دىدى:
323. "ھەي، خاقانىم،
324. ساڭا ئۇزۇن ئومۇر يار بولسۇن،

## (37)

325. هەي خاقانىم، سىنىڭ ئەل-ئىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن؛
326. كوك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت،
327. ئىشغال قىلغان يەرلىرىن ئۇرۇغىغا
328. بولۇپ بەرسۇن دەپ." ئوغۇز خاقان ئۇلۇغ
329. ئۇرۇكىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى
330. ھەمدە: "ئېيتقىنىڭ كەلسۇن" دىدى.
331. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا، بالىلىرىنى
332. چاقىرىپ كەلتۈرۈپ ئېيتتىكى: "هەي (ئوغۇللىرىم)
333. ئوۋنى كوڭلۇم تارتىپ تۇرىدۇ،
ياشىنىپ قالغانلىغىم ئۈچۈن،

## (38)

334. ئوۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ. كۈن،
335. ئاي، يۇلتۇز، ئۈچىڭلار تاڭ ئاتار تەرەپكە بىرىڭلار
336. ئاسمان، تاغ، دىڭىز ئۈچىڭلار تۈن قاراڭغۇسى
337. تەرەپكە بىرىڭلار." بۇنىڭ بىلەن
338. ئۈچەيلەن تاڭ ئاتار تەرەپكە،
339. قالغان ئۈچى تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە كەتتى. كۈن، ئاي،
340. يۇلتۇز ئۇرغۇن هايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىدى هەمدە
341. يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى،
342. شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

## (39)

343. ئوغۇز خاقان شاتلاندى ھەمدە
344. ئالتۇن يانى ئۈچ بولەككە بولدى ۋە ئېيتتىكى:
345. "ھەي، ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن،
346. سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككىچە ئېتىڭلار."
347. يەنە شۇندىن كېيىن، ئاسمان، تاغ
348. ۋە دېڭىز نۇرغۇن ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىغاندىن كېيىن،
349. يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالدى ھەمدە
350. ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.
351. ئوغۇز خاقان شاتلاندى

## (40)

352. ھەمدە ئوقلارنى ئۈچكە بولۇپ بەردى، ئېيتتىكى:
353. "ھەي، ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن،
354. يا ئوقنى تۇغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش
355. (ياغا بوي سۇنۇڭلار)." شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان
356. چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى.
357. نۆكەرلىرىنى، ئەل-جامائەتنى چاقىرتتى، ئۇلار كېلىپ
358. بامەسلىھەت ئولتۇرۇشتى. ئوغۇز خاقان
359. چوڭ چېدىردا......
360. ......(ئوڭ تەرىپىگە)،

## (41)

361. قىرىق غۇلاچلىق ئۆزۈن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى،

362. ئۈنىڭ ئۈچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى،

363. ئۈنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول

364. تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۆزۈن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى.

365. ئۈنىڭ ئۈچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى.

366. تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى.

367. ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار ئولتۇردى،

368. سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى.

369. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بولدى،

## (42)

370. ئېچىشتى، يېيىشتى، خۇرسەن بولۇشتى. شۇندىن كېيىن،

371. ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى،

372. ئېيتتىكى: "ھەي، ئوغۇللىرىم، مەن كوپ ياشىدىم،

373. كوپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم. يا بىلەن كوپ ئوق ئاتتىم، ئايغىر بىلەن

374. كوپ يوللارنى كەزدىم. دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستلارنى

375. شات ئەيلەتتىم. تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم.

376. ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بولۇپ بېرىمەن."..........

377. ..........................................................

378. ..........................................................

# ئىزاھلار

ئىزاھات قىسمىدا قوللىنىلغان قىسقارتىلغان سوز ۋە بەلگىلەر تۈۋەندىكىچە:

*DTS: Drevne Tyurkskiy Slowar, Lenin'grad,*

1969، (قەدىمقى تۈركىي تىل لۇغىتى)

*AG:Alttürkische Grammatik, Leipzig,*

1950. (قەدىمقى تۈركىي تىل گىراممانىكىسى)

< : ......دىن كەلگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

> : ......غا ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

= : تەڭلىك بەلگىسى.

∽: ئوخشاش دىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

1. bolsunqïl: "bol-" دىگەن پېئىلدىن كەلگەن بولۇپ، پېئىلنىڭ III شەخس بۇيرۇق رايى شەكلىنىڭ كەينىگە II شەخس بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسى qïl- نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن. مۇنداق قوشما شەكىل «ئوغۇز داستانى»دىلا كورۈلىدۇ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى باشقا يادىكارلىقلاردا كورۈلمەيدۇ.

1. angaqu (تۇرۇق، چىراي): -anga (سىزماق، تۇرقىنى سىزماق) دىگەن پېئىلدىن كەلگەن. بۇ پېئىل ang (تۇرۇق، چىراي)

دېگەن ئىسمغا پېېل ياسىغۇچى قوشۇمچە "a-" نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان.

3. kənə (يەنە): هازىرقى زامان تۈرك تىلىدىكى "gənə (يەنە)" گە سېلىشتۇرۇڭ.

3. ay ka(qa)n: شېرباغ ئەپەندىنىڭ پىكرىچە (تەپسىلاتى 244 - قۇرغا بېرىلگەن ئىزاھتا) ئوغۇزنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى. ئۇ "aykan" دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. قەدىمقى ئۇيغۇرلاردىمۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە "خان"نى قوشۇش ئادىتى بار ئىدى. بۇ ئۇقتا قەدىمقى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خېلى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ شۇن- داقلا ئانىلىق جامائەدىن ئاتىلىق جامائەگە ئۆتۈشتىكى ئىجتىمائى باسقۇچنىڭ قالدۇغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

4. kəzī yarī- (كوزى يورىماق): هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى- دىكى "كوزى يورىماق"قا سېلىشتۇرۇڭ.

4. boda-: "bod (بوي)" دېگەن ئىسمغا پېېل ياسىغۇچى قوشۇمچە "a-" نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭمۇ "كوزى يورىماق" دېگەن مەنىسى بار. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "بويىماق"قا سېلىشتۇرۇڭ.

5. ənglüki qīraqī (رەڭگى - روهى): "ənglük qīraqī" قوش سوز بولۇپ، ئالدىنقىسى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سوز، كېيىن- كىسى پارسچە سوز ("چىراي"دىن كەلگەن). «ئوغۇز داستانى»دا بىر قانچە ئورۇندا "suqī"، "qīraqī"قاتارلىق ئالاهىدە شەكىللەر ئادەتتە قوللىنىدىغان "sūyi، qiray" نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. بۇ بىر خىل دىئالېكتىنىڭ ئىنكاسىمۇ- قانداق؟

6. atax (ئوت): پارس تىلىدىن كىرگەن.

9. nəpsiki: «خوجو سوزلۇگى» (تووۋەندە قىسقارتىلىپ «سوزلۇك» دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ شەخسلەر بولۇمىدە "نىۋاسىكى" دەپ يېزىلىپ، خەنزۇچىغا 神—shen (ئىلاھ) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ سوز سانسكرىت تىلىدىكى "naivâsik"دىن كەلگەن.

9. oquz: هازىرقى قازاق تىلىدىكى "uwuz"غا سىلىشتۇرۇڭ.

10. yig (خام): «سوزلۇك»نىڭ يىمەكلىكلەر بولۇمىدىكى "yik—خام" ۋە هازىرقى زامان قازاق تىلىدىكى "yiki—خام"غا سىلىشتۇرۇڭ.

10. sürmə—شاراپ: بۇ سوزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. پېللىئوت ئۇنى "بوز" دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

12. ud—بۇقا: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزلەردىكى سوز ئاخىرقى بوغۇمىدا كەلگەن "d" هازىرقى تىلدا "y"غا ئوزگەرگەن، ud>ئۇي.

13. yaqïr—مورە: هازىرقى زامان قازاق تىلىدىكى "jawer—مورە"گە سىلىشتۇرۇڭ.

13. kix: «سوزلۇك»نىڭ قۇش ۋە هايۋانلار بولۇمىدە، بۇ سوز خەنزۇچىغا 貂鼠—diaoshu (قارا بۇلغۇن) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

13. kik: قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا ئومۇمەن "كىيىك" دەپ يېزىلىدۇ. «سوزلۇك»نىڭ قۇش ۋە هايۋانلار بولۇمىدە "كىيىك" دەپ يېزىلىپ، خەنزۇچىغا 兽—shou (هايۋان) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

20. mürən—دەريا: موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن، دەريا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "ɵgüz" ياكى "ɵküz" دېيىلىدۇ.

20. بۇ قۇردا كوپلۈك قوشۇمچە "-lər، -lar" سۈپەتداشنىڭ كەينىگە قوشۇلغان، بۇ بىر قەدەر پەۋقۇلئاددە ئەھۋال. مۇنتىزىم گىراماتىكا

بويىچە بولغاندا "كەلگەن كىيىكلەر"، "ئۇچقان قۇشلار" بولۇشى كېرەك.

22. kīat (؟) — تاق مۈڭگۈزلۈك هايۋان: بۇ سوز قولىيازمىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا خىلمۇ-خىل يېزىلغان. بۇ كوچۇرگۈچىنىڭمۇ بۇ سوزنىڭ توغرا ئىملاسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «سوزلۈك»نىڭ قۇش ۋە هايۋانلار بولۇمىدە "kad(kat)" سوزى خەنزۇچىغا 麒麟—qilin دەپ تەرجىمە قىلىنغان. 49-قۇردا مۇشۇ سوزنىڭ كەينىگە سىزىلغان تاق مۈڭگۈزلۈك هايۋاننىڭ سۈرىتىگە ئاساسەن، بىز ۋاقىتىنچە ئۇنى تاق مۈڭگۈزلۈك هايۋان دەپ تەرجىمە قىلىپ تۇردۇق. بۇ سوزنىڭ چىڭگىزخان ئۇرۇغى بولغان قىيات قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ-يوق؟

23. əlkūn — خەلق: ئالدىنقى سوز تۈركىي تىلغا خاس سوز، كېيىنكىسى مۇڭغۇلچە سوز بولۇپ "ئادەم" دىگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ قوش سوز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "il budun — ئەل — جامائەت، خەلق"قە باراۋەر.

24. bərkə əmgə(k) — ئازاپ، جاپا: بۇ قوش سوز بولۇپ، ئالدىنقىسى موڭغۇلچە سوز («سوزلۈك»نىڭ ئىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان سوزلەر بولۇمىدىكى "bərə—kiyin"سوزىگە سېلىشتۇرۇڭ)، كېيىنكىسى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سوز بولۇپ، توغرا يېزىلىشى "əmgək — جاپا". بۇ يەردە «سوزلۈك»تىكىگە ئوخشاش "əmgə"دەپ يېزىلىپ، سوز ئاخىرىدىكى "k" هەرپىي چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

25. Oquz hakan: بۇ ئىسمنى "ئوغۇز قان (ئوغۇزخان)" دەپمۇ ئوقۇشقا بولىدۇ (243-قۇرغا تەپسىلى ئىزاھ بېرىلىدۇ). ئوغۇز — مەشھۇر بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى. بۇ نام ئەڭ بۇرۇن تۈرك

خانلىغى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستىدە كورۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇمۇمەن "توقۇز ئوغۇز—توققۇز ئوغۇز" دەپ يېزىلغان. توققۇز ئوغۇز تۈرك خانلىغى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىغىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق قەبىلىنىڭ بىرى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، بەزى ئالىملار مىلادىنىڭ دەسلەۋىدە خەنزۇچە تارىخنامىلاردا كورۈلگەن خەنزۇچە نامىنىڭ قەبىلە مۇشۇ نى"乌纥—wuhe. 乌获—wuhuo" ئاتىلىشى دەپ ھېساپلىغان ئىدى (مەسىلەن، V. Thomsen: *Inscription de l'orkhon déchiffrées. 1896. p. 148*). فرانسىيىلىك خاسلتونىنىڭ يېقىنقى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن، ئوغۇز قەبىلىسى ئەڭ بۇرۇن دىگەندە 7 ـ ئەسىر ئەتىراپىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، توققۇز ئوغۇزدىن كەلگەن. كېيىنكىسى بولسا، "توقۇز ئوغۇش" تىن كەلگەن (تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىشىشى مۇناسىۋىتىدىن ئىككىنچى سوزنىڭ ئاخىرىدىكى "x" بىرىنچى سوزنىڭ ئاخىرىدىكى "z" نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ "z"غا ئايلانغان. مەسىلەن: "karqadi alkadi> "karqadi arkadi—("تىللىماق، قاغىماق" قاتارلىقلار). 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، بۇ قەبىلىنىڭ بىر قىسمى بالقاش كولى بىلەن كاسپى دېڭىز ئارىلىغىدىكى رايونغا بارغان، 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە سەلچۇق تۈرك-لەرنىڭ كوتىرىلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، بۇ قەبىلە ئىران ئىگىزلىگى ۋە كىچىك ئاسىياغا بارغان. مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇ "غۇز" دەپ خاتىرىلەنگەن.

25—26. əriz kaqaz: «سوزلۈك»نىڭ ئىش ۋە ئۇمۇمى يۈزلۈك قوللىنىدىغان سوزلەر بولۇمىدە "əriz kaqaz" دەپ يېزىلىپ خەنزۇ-چىغا 慷慨—kangkai (مەرت، مەردانە) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردە بىز كونتېكىستقا ئاساسەن ۋاقتىنچە "باتۇر، يۈرەكلىك" دەپ

تەرجىمە قىلىپ تۇردۇق.

27. jīda ـــ نەيزە: موڭغۇل تىلىدىكى "jida" دىن كەلگەن، "نەيزە" قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "süngü" دېيىلىدۇ.

28. kalkan – قالقان: بۇ سۆز «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك (تۈركىي تىللار لۇغىتى)»، 1 ـ توم، 441 ـ بەت قاتارلىق جايلاردا كۆرۈلىدۇ (تۈركچە نۇسخىسى، تۆۋەندىكىلەرنىمۇ شۇنداق). بۇ سۆز «سۆزلۈك»تىمۇ كۆرۈلىدۇ.

32. kim : بۇ يەردە "kim" باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەن، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "ki"گە يېقىن كېلىدۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ مەنبەسى ئوخشاش ئەمەس.

33. xungkar : بۇ سۆز «سۆزلۈك»نىڭ قۇش ۋە ھايۋانلار بولۇمىدە خەنزۇچىغا 海青 – hayqing دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

44 ـــ 48: بۇ جايدا تېكىستتىكى مەزمۇن بىلەن رەسىم بىر بىرىگە قارشى بولۇپ قالغان. ئالدىدا قىيات بۇغا ۋە ئېيىقنى يەۋەتتى دېيىلگەن. شۇڭا 44 ـ قۇردىكىنى kīatnīng ang(a)qusī (ئاستىغا قىياتنىڭ رەسىمى سىزىلغان)، 48 ـ قۇردىكىنى xungkarnung ang(a)qusi (ئاستىغا قۇشنىڭ رەسىمى سىزىلغان) قىلىپ ئۆزگەرتىش كېرەك.

47. l(ə)y ـــ شامال: بانگ بۇ سۆزنى "y(ə)z" ـــ سېرىق مىس" دەپ تەرجىمە قىلغان. كونتېكستىغا ئاساسەن ئۇنى "شامال" دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. ئەسلى نۇسخىسىدا "l" ھەرپىنىڭ كەينىدىن ئۈستىگە تارتىلغان سىزىقى كەم يېزىلىپ قالغان، نەتىجىدە "y(ə)s" بولۇپ قالغان ("yəz" دەپ ئوقۇلىدۇ).

52. aya(n): بۇ سۆز شېرباخ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىدا

شۇنداق ئورۇپ يېزىلغان. بانگ ئۇنى "a" دەپ ئوقۇيدۇ ھەمدە ئۇنى ئۇشۇقچە يېزىلىپ قالغان دەپ قارايدۇ (بانگ تەشرگە تەيـ- يارلىغان نۇسخىنىڭ 52—53-قۇرىغا بەرگەن ئىزاھىغا قاراڭ).

53. kuquloquluq : كونتېكستقا ئاساسەن، بۇ سوزنىڭ مەنىسى "يورۇق". مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

54. altun kozuk: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "تومۇر قوزۇق — شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى" ۋە ھازىرقى زامان قازاق تىلىدىكى "تېمىر قازىق"قا سېلىشتۇرۇڭ.

60. tol boquz bol- — بويىدا قالماق: "tol" ئەسلىدە "ياش مال لار"دىگەن مەنىنى بېرەتتى، بۇ يەردە "بوغاز" بىلەن بىرلىكتە قوشما سوز بولۇپ كەلگەن.

71. al: بۇ سوز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "ئاست"، "ئالدى تەرەپ" دىگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ سوزنى پېللىئوت "alisdïn — بۇ يەردىن" دەپ ئوقۇيدۇ.

72. kabuqak : بۇ "قابۇق = قاۋۇق — بوشلۇق، كاۋاك، كۆلۈك" نىڭ كىچىكلىتىش شەكلى، يەنى kabuqak<kabuk + qak (تۇپ سوزدىكى "k" چۈشۈپ قالغان).

76. usuq : بۇ جايدىكى كونتېكست بويىچە بۇ سوز "سۇ" دىگەن مەنىنى بېرىدۇ، ئۇ موڭغۇل تىلىدىكى "usu(n) — سۇ" بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "suw — سۇ"نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئالاھىدە شەكىل. بانگ "usuq"نى "ياڭزا، چىراي" دەپ ئىزاھ- لايدۇ.

79. süttan kumuz bol- : سوزمۇ سوز تەرجىمە قىلغاندا "سۈت قىمىزغا ئايلاندى" بولىدۇ. بۇ جايدا ئوخشىتىش ئورنىدا قوللىنىلغان

بولۇپ، كىشلەرنىڭ مەيتۇنلۇق ھالىتى تەسۋىرلەنگەن.

90 ــ 91. "jarlïk~ yarlïk": jarlïk jarla- "بۇيرۇق چىقارماق" دىگەن مەنىدە. "-jarla" بۇ يەردە "ئىلان قىلماق، چاقىرماق" مەنىسىدە كەلگەن. لىكىن كىيىنكى بىر قانچە ئورۇندا (352 ـ قۇر، 358 ـ قۇر-لاردا) "چاقىرىش، يىغىش" مەنىسىدە كەلگەن.

91. xirə ــ جوزا: بۇ سوز «سوزلۇك»نىڭ قورال ـ جابدۇق بولۇ-مىدە كورۇلىدۇ. ئۇ موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن.

92. bəndəng : خەنزۇ تىلىدىكى bəndeng—板凳 (بەندۇڭ) دىن كىرگەن. بۇ سوزمۇ «سوزلۇك»نىڭ قورال ـ جابدۇق بولۇمىدە كورۇ-لىدۇ.

92. -qaptur: "-qap- = yap ــ ياسىماق" دىگەن پىيىلنىڭ بۇيرۇق دەرىجە قوشۇمچىسى "-tur" بىلەن تۇرلەنگەن شەكلى.

93. qubuyan: بۇ سوزنى كونىتېكىستىقا ئاساسەن ھازىرچە "نازى ـ نىمەت" دەپ تەرجىمە قىلىپ تۇردۇق. «سوزلۇك»نىڭ يىمەك-لىكلەر بولۇمىدە "qïbïyan" دەپ يىزىلىپ ziwei—滋味 (تەم) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ سوزنىڭ كىلىش مەنبەسى ئىنىق ئەمەس.

94. -(ax(a ــ تاماق يىمەك: ھازىرقى زامان قازاق تىلىدىكى "-asa ــ چوڭ ـ چوڭ يىمەك"كە سىلىشتۇرۇڭ.

97. alalïng ــ ئالايلى: "-al" دىگەن پىيىلنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىنىڭ I شەخس، كوپلۈك شەكلى قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن شەكلى. باشقا قەدىمقى يازما يادىكارلىقلاردا كوپىنچە "alalïm" شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

99. buyan ــ بەخت: بۇ سوز قەدىمقى ئۇيغۇر يىزىغىدىكى بۇددا دىنىغا دائىر يادىكارلىقلاردا "ساۋاپ" مەنىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇ

سانسكرىت تىلىدىكى "punya" دىن كەلگەن.

99. uran ــ جەڭگىۋار شوئار: موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن. ھازىر-قى زامان قازاق تىلىدىكى "-uran keter ــ شوئار تولا-"غا سىلىشتۇرۇڭ.

101. taluy ــ دېڭىز: «سوزلۇك»نىڭ جۇغراپىيە بولۇمىدە ئۇنى 海ــhay (دېڭىز) دەپ تەرجىمە قىلغان. موڭغۇل تىلىدىكى "dalay ــ دېڭىز"غا سېلىشتۇرۇڭ.

102. kurïkan ــ چىدىر، قازاق ئوي: بۇ سوز موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. «سوزلۇك»نىڭ ئىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىدىغان سوزلەر بولۇمىدە خەنزۇچىدىكى 起营ــqiying دىگەن سوز قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا "-türiyən tür" دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

103. sarï ــ تەرەپ: «سوزلۇك»نىڭ ئورۇن-تەرەپ بولۇمىدە خەنزۇچىدىكى 四方ــsifang دىگەن سوز "tərt sarï" دەپ تەر-جىمە قىلىنغان.

104. jumxa- ــ تەقدىم قىلماق، ئەۋەتمەك: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى "-yumxa". ھازىرقى زامان قازاق تىلىدىكى "-jumsa ــ ئەۋەتمەك"كە سېلىشتۇرۇڭ.

104. bildürgülük ــ پەرمان، ئۇقتۇرۇش: بۇ سوز «سوزلۇك»نىڭ ئەدەبىيات ۋە تارىخ بولۇمىدە، خەنزۇچىغا 敕书ــchishu (پەرمان) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

108. bax qalun- ــ باش ئۇرماق، سەجدە قىلماق: «سوزلۇك»نىڭ ئىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىدىغان سوزلەر بولۇمىدە، خەنزۇچە-دىكى 叩头ــkóutóu (باش ئۇرماق) "bax qal(ïstï)" دەپ تەر-جىمە قىلىنغان.

109. tiləpmən turur: توغرا شەكلى "tiləp turərmən ــ

تەلەپ قىلمەن، قىلغىم كېلىپ تۇرىدۇ".

111. tartīq tat —تارتۇق تارتماق: ھازىرقى زامان قازاق تىلىدىكى "تارتۇ تارت ـ سوغا قىلماق"قا سېلىشتۇرۇڭ.

112. qīmat(~qamat)qaḳ —غەزەپلەنمەك، ئاچچىقى كەلمەك: «سوزلۇك»نىڭ ئىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىدىغان سوزلەر بولۇمىدە، خەنزۇچىدىكى 怒—nu (غەزەپ) سوزى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا "qīmat" دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ سوز موڭغۇلچىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

114. taqurak —تېز: «سوزلۇك»نىڭ ئىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىدىغان سوزلەر بولۇمىدە خەنزۇچىدىكى 快去—kuaiqu (تېز بارماق) قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا "tawrak barqīn" دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

116. altun kaqan —ئالتۇن خاقان: بۇ يەردە ئېلىمىزنىڭ جىن سۇلالىسى (مىلادى 1115 ـ 1234 ـ يىللار)نى قۇرغان Nüzhen خاقان كوزدە تۇتۇلىدۇ.

119. təlim —كوپ: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سوز دائىم "ئوكۇش ـ كوپ" بىلەن بىرگە "ئوكۇش تەلىم" قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

120. kïz —ئاز ئۇچرايدىغان: «قۇتاتقۇ بىلىگ» (بەخت كەلتۇرگۇچى بىلىم) (رادلوف نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا)، 3628 ـ مىسرا (83 ـ بەت)دا "yakut təg kïz ol ـ ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان ياقۇت" دىگەن جۇملە ئۇچرايدۇ.

120. yakut tax —ياقۇت: «سوزلۇك»نىڭ ئۇنچە ـ مەرۋايىت بولۇمىدە، بۇ سوز خەنزۇچىغا 鸦鹘石—yagu shi دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

120. ərdəni—گوھەر: سانسكرىت تىلىدىكى "ratna" دىن كەلگەن.

121. soyurka-: بۇ سوز «سوزلۇك»نىڭ ئىش ۋە ئومۇمى يۇزلۇك قوللىنىدىغان سوزلەر بولۇمىدە، خەنزۇچىغا "shangci—赏赐 (ئىنئام قىلماق، ھەدىيە قىلماق" دەپ تەرجىمە قىلىنغان. باشقا قەدىمقى يادىكارلىقتا بۇ سوز ئومۇمەن يۇقۇرىنىڭ تۆۋەنگە قىلغان "ھەدىيە"سىنى كورسىتىدۇ. بۇ يەردە بۇ سوزنىڭ قوللىنىشى ئالاھىدىرەك. بۇ موڭغۇلچىدىن قوبۇل قىلىنغان سوز بولۇشى مۇمكىن.

122. ba(l)gü—بەلگە، نىشان: بۇ سوزنى بانگ "bi(r)gü" دەپ ئوقۇپ، "سوغۇلۇق" دەپ تەرجىمە قىلغان. شېرباخ ئۇنى "begü" دەپ ئوقۇپ "چەۋەنداز" دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇنىڭ ئاساسى يوق.

124. qong~jong —سول: موڭغۇل تىلىدىن كەلگەن. "jungɑar" —جۇڭغار (ئەسلى "سول قول، سول قىسىم" دىگەن مەنىدە).

124. urum: بۇ يەردە شەرقىي رىمنى كورسىتىدۇ.

128. kataɑaɑu barmas—بوي سۇنماسلىق: گىراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، "بارماس"نىڭ ئالدىدىكى بىرىش كېلىش قوشۇمچىسى "غا" چۈشۈپ قالغان. kataɑla-~katïɑla-: "بىرلەشمەك، قېتىلماق" مەنىسىدە. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "tartïɑlan- —تىرىشماق، كۈچ چىقارماق" دىگەن سوز كوپ ئۇچرايدۇ. "kataɑlaɑu" نىڭ بۇ سوز بىلەن مۇناسىۋىتى باردەك قىلىدۇ.

131—132. qïmat at-: بۇ سوزنىڭ مەنىسى 112-قۇردىكى

"qamat qak-—غەزەپلەنمەك" بىلەن ئوخشاش.

134. muz taq:ھازىرمۇ مۇزتاغ دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ كوئىنلۇن تېغىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىز.

136. xük—شۈك، تېپچ، جىم: AG. 336-بەتكە قاراڭ.

-uyu—ئۇخلىماق: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "udï~udu—ئۇخلىماق"تىن كەلگەن.

143—146. بۇ يەردىكى جۈملە 15 بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان ئىككى مىسرالىق شېئىردۇر.

Ay ay oqquz, urum üstigə sən atlar bolasən,
Ay ay oqquz tapuqunglarqa mən yürür bolamən.

ھەي، ئوغۇز سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ،
مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن.

145. tapuk: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "uduk tapïk" "ھۆرمەتلەش" دېگەن مەنىگە ئىگە. «سوزلۇك»نىڭ ئىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلىدىغان سوزلەر بولۇمىدە خەنزۇچىدىكى 侍奉—cipeng (ھۆرمەتلەش) قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا "tapïk uduk" دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «سوزلۇك»نىڭ ئورۇن-تەرەپ بولۇمىدە خەنزۇچىدىكى 前—qian (ئالدى) قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا "tapukïnda" دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ سوزنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى «سوزلۇك»تە ئىزاھلانغان كېيىنكى مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

147. türtür: "-tür—يىغماق، تۈرمەك" دېگەن پېئىلنىڭ بۇيرۇق دەرىجە قوشۇمچىسى "tür-" بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى.

153. katïqla- ياكى kataqla-: بۇ يەردە "ئەگەشمەك" دىگەن مەنىدە كەلگەن.

157. itil mürən: "ئىتىل" قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ۋولگا دەرياسىنى كورسىتىدۇ. "mürən" موڭغۇلچە سوز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "ɵgüz~ügüz — دەريا"غا باراۋەر.

158. kuduq<kïdïq: "چەت، قاش" دىگەن مەنىگە ئىگە (AG، 328 ـ بەت).

162—164. بۇ جايدىكى جۇملە ئاخىرقى بوغۇملىرى قاپىيىداش ئىككى مىسرالىق شېئىردۇر.

Qəriklərning aralarïda kəp təlim boldï uruxqu,
Əlgünlərning kəngülləridə kəp təlim boldï kayqu.

ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كوپ جەڭدى ئۇرۇش بولدى،
ئۇرۇش ئەل ـ جامائەتنىڭ كوڭلىگە كوپ قايغۇ سالدى،

166. sip singir: بۇ سوز «سوزلۇك»نىڭ ئۇنچە ـ مەرۋايىت بولۇمىدە خەنزۇچىغا 朱砂—zhusha (سىر، سىماپ سۇلفات مەدىنى) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ سوز پارس تىلىدىكى "simxigər" دىگەن سوزدىن كەلگەن (پېللىئوتنىڭ «توڭباۋ»نىڭ XXIV توم، 253—255 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىغا قاراڭ).

171—172. ɵlüg barqu, tirig barqu: ئالدىنقىسى ئادەتتىكى ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى كورسىتىدۇ، كېيىنكىسى مەخسۇس ئەسىرلەرنى كورسىتىدۇ.

173. urus~orus: قەدىمقى رۇسلارنى كورسىتىدۇ.

175. mürən tərəng~tiring: "چوڭقۇر دەريا" دېگەن مەنىدە. گېرمانىيىلىك ماركۇئارت بۇ سۆز بۇ يەردە دىنېپىر دەرياسىنى كۆرسە- تىدۇ دەپ ھېساپلايدۇ (Über das Volkskum der komanen، بېر- لىن، 1914. S. 145).

176. baluk ـــ شەھەر: باشقا قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلى- رىدا ئومۇمەن "balïk" دەپ يېزىلىدۇ.

177. kataqla- (baluknï) ـــ شەھەرنى قوغدىماق: بۇ يەردىكى كونتېكستقا قارىغاندا، ئۇ "قوغداتماق، مۇداپىئەلەنمەك" دېگە مەنىگە ئىگە. «سوزلۇك»نىڭ ئىش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىدىغان سوزلەر بولۇمىدىكى "tamqanï kadaqla-" (خەنزۇچىغا 掌印—zhangyin "تامغا تۇتماق" دەپ تەرجىمە قىلىنغان)غا سېلىشتۇرۇڭ.

168. tap: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "ئارزۇ، ئۈمىت، ئوي" دېگەن مەنىگە ئىگە (AG.337 ـ بەت).

188—189. səndin jarlïk baqluq bəllüg bolamən: بۇ جۇملىنى بىز باڭگىنىڭ پىكرى بويىچە "مەن سېنىڭ يارلىغىڭنى ئىجرا قىلىشقا تەييارمەن" دەپ تەرجىمە قىلدۇق. رادلوف ۋە شېرباخ ئەپەندى بۇ جۇملىنى "səndən jarluk bayluk billük biləmən" دەپ ئوقۇپ يېزىپ "مەن سەندىن ھوقۇققا، بايلىققا ۋە ئەقىل- پاراسەتكە ئىگە بولىمەن" دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

199—200. بۇ جايدىكى جۇملە 8 بوغۇملۇق، ئاخىرقى بوغۇملىرى قاپىيىداش. ئىككى مىسرالىق شېئىر ھېساپلىنىدۇ.

Məngə kəp altun yumxapsən,

Balukni yahxï saklapsən.

ماڭا كوپ ئالتۇن سوغا قىپسەن،
شەھەرنى ياخشى ساقلاپسەن.

200. saklap: بۇ سۆز ئەرەبچە "sakâliba" (سلاۋيان)"نىڭ كوپلۇك شەكلى (سلاۋيانلار).

203—204. بۇ يەردىكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر كونىتېكستقائاساسەن قوشۇلغان سۆزلەردۇر.

207. uluq ordu bəg: ئۇلۇغ ئوردا بەگ.

208—211. بۇ ئورۇندىكى كەم سۆزلەر ئەسلىي نۇسخىسىدىمۇ كەم.

213. بۇ ئورۇندىكى جۈملە 8 بوغۇملۇق، ئىككى مىسرالىق شېئىر ھېساپلىنىدۇ:

Ay ay, sən munda bəg bolung.
Kīpqak dəgən sən bəg bolung.

ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ.
قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن.

214. kīpqak—قىپچاق: قىپچاق تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاتاغلىق بىر قەبىلە. مىلادى 9-ئەسىردىلا، بۇ قەبىلىنىڭ نامى ئىسلام تارىخلىرىدا كۆرۈلىدۇ. موڭغۇل دەۋرىدە، ئۇلار ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق ئاھالە ئىدى، ئۇ شۇنداقلا ھازىرقى قازاق مىللىتىنىڭ ئەجدادى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمان ئەسەرلىرىدە ھازىرقى قازاقىستان "'دەشتى قىپچاق' ياكى 'دالايى قىپچاق'" دېيىلىدۇ. «ئوغۇز داستانى»دا بەزى تۈرك

(تۈركلەردىن باشقىلارنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ) قەبىلىلىرىنىڭ نامى ئالاھىدە ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ ھەممىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن سوز مەنبەسىگە دائىر بىلىملەر بويىچە ئىزاھلىنىدۇ. بۇ ئورۇندا كەم سوزلەر بولغاچقا، قىپچاق دىگەن بۇ نامغا بېرىلگەن ئىزاھ ئانچە ئېنىق ئەمەس. ئابۇل ھاجىنىڭ كىتاۋىدا ئوغۇز خاقان ھىكايىسىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئوغۇز خاقاننىڭ بىر ئەمەلدارى ئۇرۇش جەريانىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە ئەگىشىپ كېتىپ بارغان خوتۇنى دالىدىكى بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىدا تۇرۇپ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى ئوغۇز خاقانغا ئېيتىدۇ. تۈركىي تىلدا دەرەخنىڭ كاۋىكى قىپچاق دىيىلگەچكە، خاقان بۇ ئوغۇلغا قىپچاق دەپ ئات قويىدۇ ۋاھاكازا (رادلوف نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىدىن ئېلىندى، Das Kudatku Bilik، 1891، 5. XXXIII تە بېسىلغان).

221. kərgur- — كورسەتمەك: "kər-" دىگەن پېئىلنىڭ مەجبۇرى دەرىجە قوشۇمچىسى "-gür" بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "kərsət-"كە تەڭ كېلىدۇ.

226. qokurdīn — چىپار: "-dīn" سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە، مەسىلەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "taqtīn" "شىمالىي تەرەپنىڭ" (ئەسلى مەنىسى "تاغ تەرەپنىڭ") دىگەن مەنىنى بېرىدۇ، "tərttin" "توتىلىك، توتىنىڭ" دىگەن مەنىنى بېرىدۇ، ۋاھاكازا. شىرباخ ئەپەندى بۇ سوزنى "qokur tan" دەپ ئوقۇپ، "tan" نى پارس تىلىدىكى "tən" دەپ ھىساپلايدۇ.

227. qok — كوپ، جىق؛ بەك: بۇ سوز تۈركىي تىلنىڭ غەربىي جەنۇپ دىئالېكتلىرىدا (مەسىلەن، تۈرك تىلىدا) قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ

مەنىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "جىق" بىلەن ئوخشاش.

235. kəzdin yitü kaqtï — كوزدىن غايىپ بولدى: "-yit" دىگەن پېئىلنىڭ "غايىپ بولماق، يوقالماق" دىگەن مەنىسى بار.

235. kəp qaqil əmgək qəkip turdï — (ئوغۇزخان) كوپ ئازاپ چەكتى: بۇ سوزلەرنى بانگ "kəp qïqay əmgək......" دەپ ئوقۇيدۇ. "qiqay" قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "بەختسىز"، "يوقسۇل" دىگەن مەنىگە ئىگە.

237. qalang bulangdïn korkmas — ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان: "qalang bulang"نى "jalang bulang" (< يالاڭ بۇلاڭ؟)" دەپمۇ ئوروپ يېزىپ، ئۇنى "qalang bulang"غا ئاھاڭداش سوز دەپ قاراشقان بولىدۇ.

238. onga: بۇ سوزنى كونتېكستقا ئاساسەن ۋاقتىنچە "چېنىقىشتىن ئوتكەن" دەپ تەرجىمە قىلىپ تۇردۇق. 13—14 - ئەسىردە كىتاپ بولۇپ چىققان «ئىبنۇ - مۇخبىنا لۇغاتى»دا بۇ سوز "لىللا، توز كوڭۇل" دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ (تۇركىيىلىك ئاپتۇللاخ باتتال نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، 1934 - يىل، 53 - بەت). بۇ سوز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئوڭاي" دىگەن سوز بىلەن مەنىبەداشمۇ، قانداق؟

243. kaqar — قار: «ئوغۇز داستانى»دا بەزى تۇركىي سوزلەر، مەسىلەن، "kar — قار"، "katïr — كېچىر"، " xam — سۇرىيە" قاتارلىقلار "kaqar. kaqatïr. xaqam" قىلىپ يېزىلغان، يەنى سوز ئارىلىغا "qa" دىگەن بوغۇم قوشۇلغان. شىرباخ ئەپەندى «ئوغۇز داستانى»نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئەرەپ يېزىقىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇقۇرىدىكى سوزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش "a" ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش، ئۇ ئەرەپ يېزىقىدا ھەمزە بەلگىسى (ء) بىلەن ئىپادىلەنـ

گەن. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى ئۇسخىسىنى كوچۇرگۇچى بۇ بەل-
گىنى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى "ɑ" ھەرپى بىلەن ئىپادىلىگەن،
نەتىجىدە "غا" بوغۇمى ئارتۇقچە قوشۇلۇپ قالغان دەپ ھىساپلايدۇ.

245 ــ 246. بۇ ئورۇندىكى جۈملە 11 بوغۇملۇق ئىككى مىسرالىق
شېئىر ھىساپلىنىدۇ:

Ay, sən munda bəglərgə boloqīl baxlīoq,
Mə, məng(ü)ləp səngə bolsun kaoqarlīoq.

ھەي، سەن مۇندا بەگلەرگە بولغىن باشلىق،
مەڭگۈلۈك ئىسىم بولسۇن ساڭا قارلۇق.

246. ka(oqa)rluk: تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر تۈرك قەبىلىسـ-
نىڭ بىرى. ئىلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدا gelolu—葛逻禄
(قارلۇق) دەپ ئاتىلىدۇ. مىلادى 774-يىلى بۇ قەبىلە قەدىمقى
ئۇيغۇر، باسمىل (~باشمىل)لار بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈرك
خانلىغىنى يوقاتقان ئىدى. بۇ قەبىلە ئەسلىدە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي
جەنۇپ رايونىدا كوچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، 8-
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي تۈركلەرنىڭ دائىرىسى بولغان
يەتتە سۇ ۋادىسىنى ئىگەللىگەن ئىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي تېخىمۇ
جەنۇپقا سىلجىپ، جەنۇبىي شىنجياڭدىكى قەشقەر تەرەپىنى ئىگەللەپ،
شىنجياڭ تارىخىدا مەشھۇر بولغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى.
*(O. Pritsak: «Die karachani den», Der Islam, Bd. 31. 1953).*

249. taoqam: توغرا يېزىلىشى "tam" ــ تام".

249. tungluk: توغرا يېزىلىشى "tünglük" ــ تۈڭلۈك".

250. kalik(a) : بۇ سوز قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ئومۇمەن "بىنا" دىگەن مەنىدە ئۇچرايدۇ، مەسلەن، «سوزلۇك»نىڭ ئوردا ۋە بولۇم بولۇمىدە "kalik balakana"خەنزۇچىغا lou—楼 (بىنا) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردە بۇ سوز موڭغۇل تىلىدىكى "haqalqa(<halqa)" (ئىشىك)كە ئوخشاپ كېتىدۇ.

*(B. Ya. Vladimirtsov: Spavnitel'naya grammatika, str. 239.)*

251. kapuluq : بۇ سوز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "قاپۇ— ئىشىك"كە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "-لۇق"نىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. بۇ يەردە "قۇلۇپلانغان" دىگەن كوچمە مەنىدە كەلگەن.

253. qəbər: هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "چىۋەر-ئۇستا"غا سېلىشتۇرۇڭ.

254. təmürdə kaqul : بۇ ئىككى سوزنى ئىزاھلاش بىر قەدەر قىيىن. بىرىنچى سوز شۈبھىسىزكى، موڭغۇل تىلىدىكى "تومۇر" دىگەن سوزنىڭ سۈپەت شەكلى (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "تومۇر"نى "تەمۇر" دەيدۇ، مەسىلەن 46-قۇردا ئۇچرىغىنىدەك. ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى بىر فونېتىكىلىق قائىدىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، قوش لەۋ ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇش "a، ə" هازىرقى "o، ɵ"گە ئوزگەردى، مەسىلەن، "تەمۇر>تومۇر، تامۇر> تومۇر (tomur)، قامۇل > قومۇل> قۇمۇل" قاتارلىقلار). ئىككىنچى سوز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە "ئۈزۈم شاخلىرىنى باغلايدىغان تال چىۋىقى" دەپ ئىزاھلانغان (تۈركچە نۇسخىسى، 1-توم، 409-بەت). شۇڭا بۇ ئىككى سوزنى "تومۇر چىۋىق"، "تومۇر كالتەك" دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ (بۇ سوزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى

شەكلى "kaqal — توقماق، كالتەك"دە كورۈلىدۇ.

(*Bang, von Gabain «Turkische Turfan—Texte» IV, S. 448.*)

256. kalaq: ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ئولتۇ-راقلاشقان تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى. ئۇلارنىڭ تىلىدا قەدىمقى تۈركىي تىلغا خاس نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر ساقلانغان.

(*Doerfer: The khalach Texts. 1973.*).

258. yürüməy(i)n: بۇ "yürü- — ماڭماق" دىگەن پېئىلنىڭ بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمەن "yürümədin" دىيىلىدۇ. يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "يۈر-مەي" (yürümədin>yürüməyin>yür(ü)məy) دىن كەلگەن.

260. tartaqusīz — تىرىلمىغان: "tartīqlaqu" دىگەن ھەركەت-نامىغا "sīz" دىگەن ئىنكار قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن.

261. yazī — تۈزلەڭلىك: بۇ سوز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سوز بولۇپ، "تۈز، تۈزلەڭلىك" دىگەن مەنىنى بىرىدۇ.

261. jürqit — جۇرچىت: «سوزلۈك»نىڭ شەخسلەر بولۇمىدە، بۇ سوز خەنزۇچىغا "女真 — Nüzhen" دەپ تەرجىمە قىلىنغان (116-قۇرغا بىرىلگەن ئىزاھتىن پايدىلىنىڭ).

261. dədür-: بۇ سوز "də- — دىمەك" دىگەن پېئىلنىڭ بۇيرۇق دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "دىگۈز-"گە باراۋەر كېلىدۇ.

271. nəkər — نوكەر: موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن. ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدا، بۇ سوز "يولداش" دىگەن كوچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

273. kaqatīr — قېچىر: توغرا شەكلى katīr. ھازىرقى زامان

ئۇيغۇر تىلىدىكى "قىچىر"غا سىڭىشتۇرۇلۇك.

275. yaxki: "yakxï — ياخشى"نىڭ تاۋۇش ("ق" بىلەن "ش") ئالماشقان شەكلى.

276. billig josun barmakluq: بۇ سۆزلەرنىڭ ئىزاھىدا، ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بىرىنچى سۆز "barsaklik — مېھرىبانلىق" (<baqïrsaklïq)نىڭ خاتا يېزىلىپ قالغان شەكلى، ئىككىنچى سۆز "tüzün — ئادىل"نىڭ خاتا يېزىلىپ قالغان شەكلى، ئۈچىنچى سۆز "billig<biliglig — بىلىملىك". "كىشى" ياكى "ئەر" سۆزى چۈشۈپ قالغان دەپ ھېساپلايدۇ. بىز كونتېكستتا ئاساسەن بۇ ئۈچ سۆزنى "يولنى (قانداق) مېڭىشنى بىلىدىغان ئادەم ("barmakluq" "barmak" دىگەن پېئىلنىڭ سۈپەت شەكلى، "billig~bilgülüg" "josun~yosun"نىڭ مەنىسى "ئۇسۇل، چارە"، "bil- — بىلمەك" دىگەن پېئىلدىن كەلگەن) دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايمىز.

277. kanqa — چوڭ ھارۋا: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "چوڭ ھارۋا" ئومۇمەن "kanglï" دېيىلىدۇ (*DTS. P. 419*). پەقەت ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي رايونىدىكى بەزى تۈركىي دىئالېكتلىرىدىلا "ھارۋا" "قانغا، قاڭا" دېيىلىدۇ (رادلوف: «تۈرك تىلى دىئالېكتلىرى لۇغىتى»، 2-توم، 80-بەت). "kanglï" (ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە 康里—kangli دەپ يېزىلىدۇ) قەدىمقى تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى (ھازىرقى قازاق مىللىتى ئىچىدىكى قەبىلە نامى ئىچىدە بۇ نام بار). ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدىكى مەشھۇر 高车—gaoche (قاڭلى) بۇ نامنىڭ مەنەن تەرجىمىسىدۇر.

290. sindu: ھىندىستاننى كۆرسىتىدۇ. ئىلىمىزنىڭ تارىخنامە-لىرىدىكى shendu—身毒 (ھىندىستان) دېگەن ئىسىم بۇ سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ھىندىستان "ئەنەك-تەك" دەپ ئاتىلىدۇ. "ئەنەكتەك" دېگەن بۇ نام قەدىمقى سوغدى تىلىدىن كىرگەن(AG. 298).

290. tangoqut: تاڭغۇت غەربىي شىيا (مىلادى 1032—1227-يىللار)نى يەنى خەنزۇچە تارىخنامىلاردىكى tangwu—唐兀 (تاڭ-غۇت)نى كۆرسىتىدۇ. م. قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن ئەسىرىدە (1-توم، 28- ۋە 29-بەت قاتارلىق جايلاردا) بۇ نام "يېقىن چىنغا ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى" دېيىلىدۇ. پېلىئوت ئەپەندى بۇ نام جۇڭگودىكى گەنسۇنى كۆرسىتىدۇ دەپ ھىساپلايدۇ. بەزى تۈركىي تىلىدىكى تارىخ ماتىرىياللىرىدا بۇ نام زاڭزۇلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

291. xaqam: "xam" دىن كەلگەن، سۈرىيىنى كۆرسىتىدۇ (پېلىئوتنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسەن).

295. bilig: "bilgülig—بىلىدىغان" دېگەن سۆزنىڭ خاتا يېزى-لىپ قالغان شەكلى.

296. barkan: پېلىئوت ئەپەندى بۇ سۆزنى "باراق" دەپ ئوقۇيدۇ ھەمدە بۇنى خەنزۇچە تارىخنامىلاردىكى baci—八叱 بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. رادلوف بۇ سۆزنى "باچاق" دەپ ئوقۇيدۇ. شېرباخ ئەپەندى "باراقا" دەپ ئوقۇيدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ 1-توم، 378-بېتىدە "بارخان" دېگەن ئىسىم بار. 290-قۇردىن 300-قۇرغىچە بولغان بۇ ئابزاسىنىڭ مەزمۇنى ئابۇل خازىنىڭ كىتاۋى (رادلوف نەشرگە تەييارلىغان نۇس-

خىنىڭ XXXII بېتىگە قاراڭ)دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: "شۇنىدىن كېيىن، (ئوغۇز خاقان) خىتاي ۋە نۇجىن (جۇرجىت)نى بوي سۇندۇ-رىدۇ، يەنە تاڭغۇتنى بوي سۇندۇرىدۇ. تاجىكلار (大食人) تاڭغۇتنى تىبەت (tübut) دەپ ئاتايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ يەنە قارا خىتاينى بوي سۇندۇرىدۇ. قارا خىتاي چوڭ بىر دولەت، ئۇ يەرنىڭ ئادەم-لىرىنىڭ يۈزى ھىندىلارنىڭكىگە ئوخشاش قارا كېلىدۇ." بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «ئوغۇز داستانى»دىكى "بارقان" غەربىي شىيا (قارا خىتاي)نى كورسەتسە كېرەك.

301. masar : پېللىئوت بۇ سوز مىسىرنى كورسىتىدۇ دەپ قاراي-دۇ. ئۇنىڭ دەلىل-ئىسپاتى يېتەرلىك ئەمەس (پەقەت بۇ سوزنىڭ تاۋۇش جەھەتتە مىسىرنىڭ ئەرەپ تىلىدىكى شەكلىگە يېقىن كېلىدىغانلىقىغىلا قاراپ ئېيتىلغان). شۇڭا بىز تاۋۇش تەلەپپۇزىغا ئاساسەن "ماسار" دەپ تەرجىمە قىلىمىز.

312. moz: "-boz—بوز" دىگەن سوزنىڭ ۋاريانتى. يەنە"muz —مۇز" دەپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

314. tüximəl: شېرباخ ئەپەندى "سېھىرگەر بودىستۋا" دەپ تەرجىمە قىلىدۇ، مۇنداق تەرجىمە قىلىش خاتا. «سوزلۇك»نىڭ شەخسلەر بولۇمىدە "تۇشمەل" دىگەن سوز خەنزۇچىغا 臣—chen (ۋەزىر، ئەمەلدار) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز بۇ سوزنى "ۋەزىر" دەپ تەرجىمە قىلىمىز.

318. ta : پارىسچە سوز بولۇپ، "تا.....گىچە" دىگەن مەنىدە.

323—327. بۇ ئورۇندىكى جۇملە 13 بوغۇملۇق توت مىسرالىق شېىردۇر (مۇقەددىمە قىسمىغا قاراڭ).

327. talay turur —ئىگەللەنگەن، ئىشغال قىلىنغان: بىرىنچى

سۆز "-tala — تالىماق" دېگەن سۆزنىڭ ھال پېئىل شەكلى.

329. ögüt: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "نەسىھەت قىلماق" مەنىسىگە ئىگە (AG. S. 323).

332 — 334. تۆۋەندىكىسى 14 بوغۇملۇق ئىككى مىسرالىق شېئىر.

Ay, (oqlum) məning kəngülüm awnï tiləp turur,
Ķarï boluqumdan məning kaqïzluqum yok turur.

ھەي (ئوغۇللىرىم) ئۇۋۇنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ،
ياشىنىپ قالغانلىغىم ئۈچۈن، ئۇۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ.

334 — 336. تۆۋەندىكىسى 12 بوغۇملۇق ئىككى مىسرالىق شېئىر:

Kün, ay, yultuz tang sarïqa sənlər barïng,
Kək, taq, təngiz tün sarïqa sənlər barïng.

كۈن، ئاي، يۇلتۇز، سىلەر تاڭ ئاتارغا بېرىڭلار،
كۆك، تاغ، دېڭىز، سىلەر تۈن قاراڭغۇسىغا بېرىڭلار.

367. buzuk, uq ok : ئەرەب تارىخچىسى ئىبنال-ئاتىخىرنىڭ ماتېرىيالىغا (12 ئەسىرگە مەنسۇپ) ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ گۇس قىسمى "buzuk" ۋە "uq ok>uquk" دېگەن ئىككى قىسمىغا بۆلۈنەدىكەن. قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»دا غەربىي تۈركلەر "ئون ئوق" دەپ ئاتالغان. شىمالىي قۇملۇقتىكى قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا (11-قۇر) تىلغا ئېلىنغان. "üq karluk" "üq ok" نى كۆرسىتەمدۇ، قانداق.

372 — 376. تۆۋەندىكىسى 8 بوغۇملۇق 8 مىسرالىق شېئىر.

Ay, (oɋ)ullar, kəp mən axtum,
Uruxɋular, kəp mən kərdüm.
Jīda bilən kəp ok attum,
Ayɋī birlə kəp yürüdüm.
Duxmanlarnī yīɋlaɋurdum,
Dostlarumnī mən küldürdüm.
Kək təngrigə mən etətüm,
Sənlərgə bərəmən yurtum.

هەي ئوغۇللىرىم، مەن كوپ ياشىدىم،
كوپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۇم.
يا بىلەن كوپ ئوق ئاتتىم،
ئايغىر بىلەن كوپ يوللارنى كەزدىم.
دۈشمەنلەرنى زار قاخشىتىپ،
دوستلارنى مەن شات ئەيلەتتىم.
تەڭرى ئالدىدا بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم،
يۇرتنى ئەمدى سىلەرگە بولۇپ بېرىمەن.

# سۆزلۈك

سۆزلەر تۆۋەندىكى ھەرپ تەرتىۋى بويىچە تىزىلدى:

*a, ə, b, c, d, e, f, g, h, i, ı, j, k, ķ, l, m, n, o, ɵ, p, q, r, s, t, u, ü, v, w, x, y, z.*

## A

| | |
|---|---|
| adak | ئاياق، پۇت |
| aduoq | ئېيىق |
| aoqïz | ئېغىز |
| ak | ئاق |
| aķa | ئاكا |
| al | ھال، قىزىل |
| al | ئالد |
| al- | ئالماق |
| altun | ئالتۇن |
| altun ķazuk | تۆمۈر قوزۇق |
| amïrak | دوست، ئامراقلىق |
| amtī(~əmti) | |
| ana | ئانا |
| angaoqu (~anguoqu) | چىراي، تۇرۇق |
| anlar | ئۇلار |
| antaoq | ئۇنداق |
| aq- | ئاچماق |
| ara | ئوتتۇرا، ئارا |
| art | ئارقى، كەينى |
| artīk | ئارتۇق، ئۇشۇق |
| astur- | ئاستۇرماق |
| at | ئات |
| at- | ئاتماق |
| ata | ئاتا |
| atax | ئوت |
| atla- | ئاتلانماق، يولغا چىقماق |
| aw | ئوۋ |
| awla- | ئوۋ ئوۋلىماق |
| ax | ئاش، تاماق |

axa- چوڭ-چوڭ يېيىش

ay ئاي

aya(n) نۇرلۇق، ئايان

ayqïr ئايغىر

ayt- ئېيتماق

azlïk ئازلىق

## Ə

əl kün(~gün) ئەل-جامائەت، خەلق

əmgək جاپا

əmti ئەمدى

ər- ئىدى

ərdəni گوھەر

əriz kaqïz باتۇر، يۈرەكلىك

ərkək ئەر، ئەركەك

ərtə ئەتىگەن

ət ئەت، گوش

## B

baqla- باغلىماق

bak-(aqïzqa bak-) بوي سۇنماق، ئاغزىغا قارىماق

bakïn- بېقىنماق

bakïntur- بېقىندۇرماق

baluk(~balïk)

bar بار

bar- بارماق

barqu سوغا

barkan بارقان

bas- باسماق

bax باش

baxa- ئۆتماق، يەڭمەك

baxla- باشلىماق، يېتەكچىلىك قىلماق

baxlan- باشلانماق

baxlïk باشلىق

bədən بەدەن

bəndəng بەندۈك

bədük بۈيۈك

bədüklə- چوڭ بولماق

bəg بەگ، ئەمەلدار

bək بەك، ئىنتايىن

bəlbaq بەلۋاغ

bəlgü بەلگە

bən(~mən) مەن

bər- بەرمەك

bərg تارتۇق

bərik(~bərk) مۇستەھكەم

bil- بىلمەك

bilbaq بىلۋاق

bilgür- بىلدۈرمەك، ئىپادىلىمەك

bilgə بىلىملىك، دانىشمەن
billig(<bil-gülük) ئۇقۇلۇشلۇق
bildür- بىلدۈرمەك
bildürgülük ئۇقتۇرۇش
bir بىر
bir-(~bər-)
birinqi بىرىنچى
birkə قىيىن، ئازاپ
birlə بىللە
birlə- بىرلەشمەك
birtür- بەرگۈزمەك
biti- يازماق
biz بىز
boda- كوز يورىماق، يەڭگىمەك
bol- بولماق، ئايلانماق
boqaz بويىدا قېلىش
bəri بورە
bu بۇ
buqu بۇغا
buyan بەخت
buyur- بۇيرىماق
bulung يونىلىش، بۇلۇڭ
buzaqı موزاي
buz- بۇزماق
buzuk بۇزۇق (خاس ئىسىم)

## D

dost دوست
dostluk دوستلۇق
düxmən دۈشمەن

## I

iki ئىككى
ikinqi ئىككىنچى
ilgərü ئىلگىرى
ilqi ئەلچى
ini ئىنى، ئۇكا
iq ئىچى
iq- ئىچمەك
iqəgü ئىچ ـ باغرى
itil ئىتىل دەرياسى (ۋولگا دەرياسى)
īsīq ئىسسىق

## J

jalbar- يالۋۇرماق، يېلىنماق
jan يان
janguk(~yanguk)
jap- ياسىماق، چاپماق

| | |
|---|---|
| japtur- | ياساتماق، چاپتۇرماق |
| jarla- (~qarla) | |
| jarlïķ | يارلىق، بۇيرۇق |
| jïda | نەيزە |
| jong | سوڭ |
| jürək | يۈرەك |

# K

| | |
|---|---|
| kəl- | كەلمەك |
| kənə | يەنە |
| kəngəx- | كېڭەشمەك |
| kəq- | ئۆتمەك، كەچمەك |
| kəqə | كېچە |
| kərək | كېرەك |
| kik | ياۋايى هايۋان |
| kil-(~kəl-) | |
| kim | (باغلىغۇچى) |
| kir- | كىرمەك |
| kix | بۇلغۇن |
| kixi | كىشى |
| kəgüz | كوكس، كوكرەك |
| kək | ① كوك ② ئاسمان |
| kəl | كول |
| kəngül | كوڭۇل |
| kəp | كوپ |
| kər- | كورمەك |
| kərgür | يوليورۇق |
| kərüklük | چىرايلىق، كوركەم |
| kəz | كوز |
| kəzdən yit- | كوزدىن يۈتمەك |
| kül- | كۈلمەك |
| kümüx | كۈمۈش |
| kün | كۈن |
| kündünki | جەنۇپ تەرەپتىكى |
| kün batuxï | كۈن پېتىش، غەرپ |
| kün toƣuxï | كۈن چىقىش |
| kütə- | كۈتمەك، قارىماق |

# Ķ

| | |
|---|---|
| ķabuquķ | يوچۇق، كۆلۈڭ |
| ķaƣan | خاقان |
| ķaƣar | قار |
| ķaƣarluķ | قارلۇق |
| ķaƣatïr | قېچىر |
| ķaƣïz | قەيسەر |
| ķaƣul | كالتەك |
| ķal- | قالماق |
| ķalaq | (خاس ئىسىم) |
| ķalïķ(a) | ئىشىك |
| ķalķan | قالقان |
| ķamaƣ | بارلىق، ھەممە |

| | |
|---|---|
| kanka | ھارۋا |
| kapuluq | قۇلۇپلاغلىق |
| kaq- | قاچماق |
| kara | قارا |
| karangoquluk | قاراڭغۇلۇق |
| karī | قېرى |
| kart | قېرى |
| karīndax | قېرىنداش |
| karxi | قارشى تۇرۇش |
| kataqla- | ① ئەگەشمەك ② قوغدىماق |
| kax | قاش |
| kayoqu | قايغۇ |
| kīdik | بوي، چەت، ياقا |
| kīl- | قىلماق |
| kīlīq | قىلىچ |
| kīmīz | قىمىز |
| kīpqak | قىپچاق (قەبىلە نامى) |
| kīrīk | قىرىق |
| kīz | قىز |
| kīz | ئاز ئۇچرايدىغان، قىس |
| kīzīl | قىزىل |
| koruk | قورقماق |
| koy | قوي |
| koy- | قويماق |
| kuoquloquluk | يورۇق |
| kulan | ياۋا ئات، قۇلان |
| kulaq | غۇلاچ |
| kumuz(~kīmiz) | |
| kurīkan | چېدىر، ئاۋۇل |
| kurīltay | قۇرۇلتاي |
| kut | بەخت |
| kux | قۇش |

**M**

| | |
|---|---|
| masar | (خاس ئىسىم) |
| mən | مەن |
| məng | مەڭ |
| mənggü | مەڭگۈ |
| min- | مىنمەك |
| məz(~bəz) | بوز |
| muz | مۇز |
| mürən | ئېقىن، دەريا |

**N**

| | |
|---|---|
| nəmə | نەرسە |
| nəpsiki | چىرايلىق، نەپىس |
| nəqük | نىمشكە، قانداق قىلىپ |
| nəkər | نوكەر |

**O**

| | |
|---|---|
| ooqul | ئوغۇل |

| | |
|---|---|
| oƣuz | ئوغۇز |
| ok | ئوق |
| ol | ئۇ |
| oltur- | ئولتۇرماق |
| on | ئون |
| ong | ئوڭ |
| onga | چىنقىشتىن ئوتكەن |
| ordu | ئوردا |
| orman | ئورمان |
| oxu | ئاشۇ، مۇشۇ |
| oxul | بۇ |

## Ɵ

| | |
|---|---|
| ɵgüt | نەسىھەت |
| ɵgüz | دەريا |
| ɵl- | ئولمەك |
| ɵlüg | ئولۈك |
| ɵltür- | ئولتۈرمەك |
| ɵnglük | چىراي، رەڭ |
| ɵtə- | (مەجبۇرىيەتنى) ئوتىمەك |
| ɵz | ئوز |
| ɵzə | يۇقۇرى |
| ɵzï kalmadï | هالىدىن كېتىش |

## Q

| | |
|---|---|
| qak | چاغ، ۋاقىت |
| qakïr- | چاقىرماق |
| qalang bulang | ھەر قانداق نەرسە |
| qamat(~qï-mat) | غەزەپ |
| qong(~jong) | |
| qap-(~jap-~yap-) | |
| qarla-(~jarla-) | يارلىق چۈشۈرمەك، چاقىرماق |
| qəbər | چىۋەر |
| qərik | چېرىك، ئارمىيە |
| qərik qək- | ئەسكەر چىقارماق |
| qïraƣ | چىراي |
| qok | كوپ، ناھايىتى |
| qokur(dïn) | چىپار |
| qubuk(~qïbïk) | چىۋىق |
| qubuyan | لەززەتلىك |

## S

| | |
|---|---|
| sakal | ساقال |
| sakla- | ساقلىماق |
| saklap | (خاس ئىسىم) |
| sanaƣuluksïz | سانسىزلىغان |
| saq | چاچ |
| sarï | تەرەپ |
| sarun- | ياپماق |
| sən | سەن |

səw- سۆيمەك
səwin- سۆيۈنمەك، ياخشى كۆرمەك
səwinq شاتلىق
sindu ھىندىستان
singir (sip singir) سىر
soɣuk سوغۇق
soɣurɣu ئۆرۈش قىلىش
song كېيىن
soyurka- ئىنئام قىلماق، تەقدىم قىلماق
søz سۆز
suɣ سۇ
sürmə شاراپ، ھاراق
süt سۈت

**T**

ta تا......
taɣ تاغ
taɣam تام
taɣuk توخۇ
taɣurak تېز
takï يەنە
talay (~taluy) دېڭىز، چوڭ دەريا
tala- تالىماق
tamɣa تامغا
tang تاڭ
tangɣut تاڭغۇت (قەبىلە نامى)
tap- تاپماق
tarlaɣu تېرىلغۇ
tar(ï)t- تارتماق
tar(ï)tiɣ تارتۇق
tar(ï)tïɣ tart- تارتۇق تارتماق
taxɣarun تاشقىرى
tə- (~də) دېمەك، ئېيتماق
təg( ~dəg) دەك......
təgən دېگەن
təg- يېتىپ بارماق
təlim كۆپ
təmür تۆمۈر
təngiz دېڭىز
təngri تەڭرى
təring چوڭقۇر
tətür- دېگۈزمەك
tiktür- تىكلىمەك
til تىل
tilə- تىلىمەك، تەلەپ قىلماق
tirig تىرىك
tix چىش

| | |
|---|---|
| tooqu- | توغۇلماق |
| tong | توڭ |
| toy | توي، زىياپەت |
| təl | ئېغىر ئاياق |
| tərt | توت |
| tərülük | قانۇن |
| tuoq | توغ، بايراق |
| tunluk(~tünlük) | تۈڭلۈك |
| tur- | ① تۇماق ② يار- دەمچى پېشل |
| tut- | تۇتماق |
| tutulunq | ئۇرۇش، جەڭ |
| tüg | تۈك |
| tülüklüg | تۈكلۈك |
| tün | تۈن |
| tüp | تۈپ، يىلتىز |
| tür- | يىغىشتۇرماق، تۇرمەك |
| türük | تۈرك |
| tüx | چۈش |
| tüx- | چۈشمەك |
| tüximəl | ۋەزىر |
| tüzün | كۆڭلى تۈز، لىللا |

## U

| | |
|---|---|
| ud | بۇغا |
| uoquz | ئوغۇز |
| ukoquluk | ئېقىللىق |
| uluoq | ئۇلۇغ |
| uq- | ئۇچماق |
| ur- | ئۇرماق |
| uruoq | ئۇرۇق، ئەۋلات |
| urum | شەرقىي رىم |
| urus | رۇس |
| urux-tokux | ئۇرۇش-جەڭ |
| uruxoqu | ئۇرۇش، جەڭ |
| usuoq | ئۇسسۇزلۇق |
| uxbu | ئۇشبۇ، بۇ |
| uyu- | ئۇخلىماق |
| uz | ئۇز، نازۇك |
| uzun | ئۇزۇن |

## Ü

| | |
|---|---|
| üləxtür- | ئۈلەشتۇرمەك |
| ünqü | ئۈنچۈ-مەرۋايىت |
| üq | ئۈچ |
| üqəgü | ئۈچەيلەن |
| üqün | ئۈچۈن |
| üqünq | ئۈچىنچى |
| üst | ئۈست |
| üy | ئۆي |

## X

| | |
|---|---|
| xaqam(~xam) | سۈرىيە |

xax- ئەجەپلەنمەك، ھەيـ
ران قالماق

xirə جوزا، شىرە

xul بۇ

xungkar شۇڭقار

xük شۈك، جىم

## Y

ya يا

yaɣïr(~ jaɣïr) مورە

yaķ ياق، چەت

yaķxi ① ياخشى ② ئىنـ
تايىن

yaķut tax ياقۇت

yalɣuz يالغۇز

yaman يامان، ئەشەددى

yangaķ تەرەپ

yarï- نۇر چاچماق

yaruķ(~ jaruķ) يورۇق

yat- ياتماق

yax(a)ɣan ياشانغان، ئۆمۈر

yaxķï(~yaķxï)

yazï تۈزلەڭ

yəl شامال

yər يەر

yi- يېمەك

yibər- ئەۋەتمەك

yig خام

yigit يىگىت

yit- يۈتمەك

yïɣaq ياغاچ

yïlkï ھايۋانلار، يىلقى

yoķ يوق

yulduz يۇلتۇز

yumxa(~ jumxa) تەيىنلىمەك، ئەـ
ۋەتمەك

yurt يۇرت، ئەل، دولەت

yüklə- قاچىلىماق، يۈكلەـ
مەك

yürü- يۈرمەك، ماڭماق

古代维吾尔史诗

**乌古斯可汗传说**

（维吾尔文）

刊布者：耿世民、吐尔逊·阿尤甫

责任编辑：努尔穆罕默德

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32 印张：3 1/8

1980年11月第1版

1981年6月北京第2次印刷

平装本印数：25,201—33,700册 定价：0.28元

书号：M1049(4)92

书号 M 10049（4）92
定价　　0.28 元